

ئوبۇلھاشىم قاسىم قايناق

# مۇئەللىم، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ

«بالىلار ھېكايە - نەسىرلىرى»

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

ئوبۇلھاشىم قاسىم قايناق

# مۇئەللىم، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ

( بالىلار ھېكايە ـ نەسىرلىرى )

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

# ئاپتوردىن

بالىلار ئەدەبىياتى — پۈتكۈل ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەرقايسى دەۋرلەرنىڭ روھىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، يىلمۇيىل تېما دائىرىسى كېڭىيىپ، مەزمۇن جەھەتتە چوڭقۇرلىشىپ، ژانىر جەھەتتە مۇكەممەللىشىپ، كەڭ ئۆسمۈرلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش بىلەن بىرگە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىككىنچى دەرسخانا پائالىيىتىدە ئۆز رولىنى ھەقىقىي تۈردە جارى قىلدۇرماقتا.

مەن 28 يىل تىل ـ ئەدەبىيات دەرسى ئۆتۈش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارغا ئۈلگە بولۇش، ئۇلارغا ئەمەلىي يېزىقچىلىق ماھارىتىنى ئۆگىتىش، ئۇستازلىق بۇرچۇمنى ھەقىقىي تۈردە ئادا قىلىش ئۈچۈن چوڭلار تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شېئىر، ھېكايە، پوۋېستلارنى يازغاندىن باشقا، بالىلار تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نۇرغۇن شېئىر، ھېكايە، مەسەل ـ چۆچەكلەرنى يازدىم. بۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «چاچرىغان چوغ»، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى «قىزىل تۈلكە» ناملىق مەسەل ـ چۆچەكلەر توپلىمىمنى نەشر قىلدى.

بۇ قېتىم مەن كۆپ يىللاردىن بۇيان يېزىپ تەييارلىغان، «ئايدىن گۈزەل ئاي ئانام» (شېئىرلار)، «مۇئەللىم، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ» (ھېكايە ـ نەسرلەر)، «ياغلانمىغان سۇناي» (مەسەللەر)، «بالا پادىشاھ» (چۆچەكلەر) دىن ئىبارەت تۆت كىتابىمنى كەڭ ئۆسمۈرلەرگە سوۋغا قىلىپ سۇندۇم. ئۆسمۈرلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىنى، كىتابتىكى بىلىملەردىن ئەقىل تېپىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.



يازغۇچى ۋە شائىر ئوبۇلھاشىم قاسىم قايناق 1954 - يىلى يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ ماڭشىن يېزا چاقسار كەنتىدە تۇغۇلغان. 1981 - يىلى 7 - ئايدا قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتكۈزۈپ خىزمەتكە قاتناشقان. 1983 - يىلى 7 - ئايغىچە قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات سىنىپىدا بىلىم ئاشۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ ماڭشىن ئوتتۇرا مەكتىپى، ناھىيەلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى، ناھىيەلىك كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى، ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكى قاتارلىق جايلاردا ئىشلىگەن. 2009 - يىلى يېڭىسار ناھىيە سۆگەت يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدىن دەم ئېلىشقا چىققان.

ئاپتورنىڭ تۈرلۈك ژانىردىكى ئەسەرلىرى 1978 - يىلىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ «يېڭىسار خەلق قوشاقلىرى». «يېڭىسار خەلق چۆچەكلىرى». «ئەزرائىل بىر كۈن توختاپتۇر» (پوۋېستلار). «تەكلىماكان مەلىكىسى — گۈلزۆھرە ئەبەيدۇللا» (ئەدەبىي ئاخبارات)، «نەپسى بالا» (ھېكايىلەر). «ياشارسۇن ھايات» (ئەدەبىي ئاخبارات، ئابلەت جۇمە تۇپراق بىلەن بىللە)، «ياغلانمىغان سۇناي» (مەسەللەر). «سىرچىلىق تېخنىكىسى» قاتارلىق توپلاملىرى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن، «چاچرىغان چوغ» (مەسەل - چۆچەكلەر) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن، «قىزىل تۇلكە» (مەسەل - چۆچەكلەر) شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن، «ياغاچچىلىق تېخنىكىسى» (ئىككى قىسىم) شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

ئوبۇلھاشىم قاسىم قايناق قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىنىڭ ئەزاسى؛ ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى.

**图书在版编目(CIP)数据**

老师，请您救我：维吾尔文/吾布力·阿西木 著.
— 乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2013.3
ISBN 978-7-5466-1179-2

Ⅰ.①老 ··· Ⅱ.①吾··· Ⅲ.①学校教育 — 研究—
维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.① G4

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2013)第 047847 号

پىلانلىغۇچى: ئىبراھىم سەمەن
تەشكىللىگۈچى: ئابلەت جۇمە تۇپراق
مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: تۇرسۇنمەمەت قاسىموف
نۇربىيە ئىسمايىل
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: مۇختەر تۇردى
مەسئۇل كوررېكتورى: خۇرشىدە ئابلىز
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئوبۇلقاسىم ئەمەت
بەت ياسىغۇچى: مەرھابا ئازات

**مۇئەللىم، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ** (ھېكايە ـ نەسرلەر)
ئوبۇلھاشىم قاسىم قايناق

* * *

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى 255 № پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ لىنو سودا ئىشلىرى باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 1230mm × 880mm 1/32 باسما تاۋىقى: 4.625
2013 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2013 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 1179 - 2
باھاسى: 15.00 يۈەن

# مۇندەرىجە

## ھېكايىلەر


دوستلۇق .................................. 3

يۈز نومۇر ئالغاندا .................................. 7

بىر باغلام باشاق .................................. 10

تەلەي .................................. 13

ئىمتىھاندا .................................. 16

ئەگرى يول .................................. 20

ئانا .................................. 26

ساۋاق .................................. 30

مۇسابىقە .................................. 33

دام ـ دام .................................. 37

بوۋاينىڭ كۆڭلى .................................. 41

مۇئەللىم، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ .................................. 46

ئۆچكە .................................. 51

ئىنىمنىڭ ئارزۇسى .................................. 54

چىش ئاغرىقى .................................. 57

ئۆستەڭ بويىدا .................................. 59

مەكتەپكە بېرىش يولىدا .................................. 62

مۇز ئۈستىدە .................................. 67

كېلىشمەسلىك .................................. 69

لەگلەك ئۇچۇرغاندا .................................. 71

ئىنىمغا يېزىلغان خەت .................................. 74

ئەمەتنىڭ كېسەل بولۇشى .................................. 77

قارلىغاچ........................80
تاپشۇرۇق........................83
رەگەتكە........................86
ھاكىمنىڭ قىزى........................89
مەن ئەسقىتىپ قالدىم........................94
ئىككى باتۇر........................98
تۇراپ توكۇر........................101
كۆۋرۈك ئاستىدىكى خىياللار........................107
ئاق ئۆجمە........................111
ماسكا........................115
مەن مەكتەپكە بارغان كۈنى........................118

## نەسرلەر

مېنىڭ بېغىم........................127
بىر تال سەرەڭگە........................128
ئۇستازىمغا........................130
قىش........................133
باھار شامىلىغا........................135
باھار كەلگەندە........................137
چېچەك ۋە مەن........................139
ئۇستاز سۆزى........................141
نورۇز كۈيى........................144

# دوستلۇق

مەكتەپ يېڭىلاپ سېلىنغان، تەنتەربىيە مەيدانلىرى ياسالغان، دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرىدىغان تۈت ئورۇنغا تىكتاك توپ شىرەسى ئورنىتىلغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدىكى پائالىيەتلىرى جانلىنىپ كەتكەنىدى. بىرلىرى ۋاسكېتبول ئوينىسا، بىرلىرى ۋالىبول ئوينايتتى. تىكتاك توپ ھەۋەسكارلىرى ئەڭ كۆپ ئىدى. بۈگۈن، دولقۇن تىكتاك توپ ئويناپ ئۆدا ئۈچ قېتىم يېڭىلىپ قالدى. قوشنا سىنىپ ئوقۇغۇچىسى سەمەت تىكتاك توپ ئوينىماقچى بولۇپ دولقۇننىڭ قولىدىن پالاقنى ئالماقچى بولۇۋېدى، دولقۇن يولسىزلىق قىلىپ:

— بىر قېتىم يەڭمىگۈچە پالاقنى بەرمەيمەن، — دېدى ۋە پالاقنى قول تەڭلەپ تۇرغان سەمەتنى كەينىگە ئىتتىرىۋەتتى.

دولقۇن كۈچەپ ئىتتىرگەچكە سەمەت تىكتاك توپ شىرەسىنىڭ يېنىدىكى ئېرىققا يىقىلىپ چۈشۈپ كىيىملىرى ھۆل بولۇپ كەتتى. ئەتراپتا قاراپ تۇرغان ئوقۇغۇچىلار ئېرىققا چۈشۈپ سەمەتنى يۆلەپ قاشقا ئېلىپ چىقىشتى. بىرنەچچە ئوقۇغۇچى دولقۇنغا تاپا ـ تەنە قىلىشقا باشلىدى:

— بىر پىيونېر ئاشۇنداق شەخسىيەتچى بولسا بولامدۇ؟ بويىنغا قىزىل گالستۇك چىگىۋالغىنىنى ئۇنىڭ...

— كەينى ـ كەينىدىن يېڭىلىپ قالغاندىكىن پالاقنى بېرىش كېرەك ـ تە ئۇ؟ چىدىماس!

ساۋاقداشلىرىنىڭ سۆزلىرى دولقۇنغا نەشتەردەك سانجىلىشقا باشلىدى. كۆزىنى يۇمۇپ ئۇن ـ تىنسىز تۇرغان دولقۇن بىردىنلا كۆزىنى يوغان ئېچىپ بويىنىدىكى قىزىل گالستۇكنى يېشىپ ئالدى ـ دە:

— مېنى شۇنچىلا گەپكە قويغان مۇشۇ ئالىقانچىلىك لاتىغۇ؟

گالىستۇكنى يۇرلاپ ـ يۇرلاپ سىنىپنىڭ ئۆگزىسىگە چۆرۈۋەتتى. ئاندىن قولىدىكى پالاقنى پىرقىرىتىپ تىكتاك توپ شىرەسىنىڭ ئۈستىگە ئاتتى ـ دە، مەكتەپ دەرۋازىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— دولقۇن، توختا!

سىنىپ پىيونېر ئەترىتىنىڭ تەشكىلىي ھەيئىتى، پارتىدىشى، ئەڭ يېقىن دوستى كۆرەش دولقۇننىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ كەلدى.

— نەگە بارىسەن؟

— ئۆيگە كېتىمەن.

كۆرەش ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. بىراق دولقۇن قولىنى بىر سىلكىپ كۆرەشنىڭ قولىنى بوشاتتى ـ دە، مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئۆز دوستىدىن بۇنداق قوپال مۇئامىلىنى كۈتمىگەن كۆرەش خېلى ئۇزۇنغىچە دولقۇننىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى، كۆڭلىدە ئۇنىڭدىن ئوبدانلا رەنجىدى. ئۇ مەكتەپ پىيونېرلار چوڭ ئەترىتىنىڭ باش تەربىيەچىسى داۋۇت مۇئەللىمنىڭ يېنىغا كىرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. داۋۇت مۇئەللىم:

— سىزمۇ بىلىسىز، دولقۇن ئۆگىنىشتە ناھايىتى ياخشى بالا. بۇ قېتىمقى ئەلاچىلار مۇسابىقە ئىمتىھانىدا سىنىپ بويىچە بىرىنچى بولۇپ مۇكاپات ئالدى.

تىكتاك توپ ئويناپ بىر قېتىم ئەمەس، ئۇدا ئۈچ قېتىم يېڭىلىپ قېلىش ئۇنىڭغا قاتتىق ھار كەلگەن گەپ. ئۇ شۇ جىلىچىلىكتە تۇرغاندا سەمەت توپنى مەن ئوينايمەن دەپ پالاقنى قول ئۇزاتقان، دولقۇن ئاچچىقىغا چىدىماي سەمەتنى ئىتتىرىۋەتكەن ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قىلىنغان تاپا ـ تەنە ئۇنىڭ گالىستۇكنى ئۆگزىگە چۆرۈۋېتىپ مەكتەپتىن كېتىپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان چېغى. سىز يېقىن دوستى بولغاندىكىن بۇ مەسىلىنى تەشكىل نامىدىن ئەمەس، دوستلۇق يولى بىلەن ھەل قىلايلى. سىز كەچتە ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كۆرۈشۈپ قويۇڭ، — دېدى.

كۈرەش داۋۇت مۇئەللىمنىڭ ئىشخانىسىدىن چىققاندىن كېيىن بىر ئامال قىلىپ سىنىپنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ دولقۇننىڭ گا-لىستۇكىنى ئېلىپ چۈشتى.

ئۇ كەچتە دولقۇننىڭ ئۆيىگە باردى. دولقۇن چوڭ ئانىسىنىڭ-كىگە تاماق ئېلىپ كەتكەن بولۇپ، كۈرەش ئۇنىڭ دادىسىغا بۈگۈن مەكتەپتە بولغان ئىشلارنى، دولقۇننىڭ توغرا قىلمىغانلىقىنى، بۇنداق بولۇۋەرسە ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا ھۆرمىتى قالمايدىغانلى-قىنى ئېيتىپ قويۇپ قايتىپ كەتكەنىدى.

دولقۇن ئەتىسى دەرسكە قوڭغۇراق چېلىنغاندا مەكتەپكە كەل-دى. ئۇنىڭ بويىندا گالىستۇكمۇ يوق ئىدى. سىنىپقا كىرگەن دول-قۇن كۈرەشكە بىر قاراپ قويۇپ باشقا بىر ئورۇستەلگە بېرىپ ئول-توردى. بىرىنچى سائەتلىك دەرس تۈگەپ دەم ئېلىشقا چىققاندا كۈ-رەش ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ گەپ قىلىشقا تەمشىلىۋىدى، دولقۇن:

— ھىم، تۈنۈگۈنكى ئىشنى دادامغىمۇ دېيىشكە ئۈلگۈرۈپسەن. دادام بىرمۇنچە تىللىدى. مە ئال، — دولقۇن يانچۇقىدىن گالىس-تۇكنى ئېلىپ كۈرەشنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ دېدى، — ئۆ-زۈڭ تاقىۋال!

— نېمە؟ ئويلىنىپ سۆزلە، دولقۇن، گالىستۇكنى تاقىمىساڭ قانداق بولىدۇ؟

— مەن كېچىدىن ئۇخلىماي ئويلىنىپ چىققان.

— بۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ. سەن دېگەن پىيونېرلار ئەترىتى-نىڭ ئەزاسى، سىنىپىمىزنىڭ ئەلاچى ئوقۇغۇچىسى.

— يەنە شۇ گەپما؟ كىچىككىنە بىر ئىش بولسا گالىستۇك ئاق، گالىستۇك كۆك دېيىشىدىكەنسەن. شۇڭا مېنى گەپكە قويىدىغان بۇ گالىستۇكنى تاقىمايلا دېدىم.

— گېپىڭ راست ھە؟ — دېدى كۈرەش ئاخىرى.

— راست، — دېدى دولقۇن، — ئوغۇل بالا دېگەن گېپىدىن يانمايدۇ.

— پىيونېر بولۇش ئالدىدا ئۇڭ قولۇڭنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ بەرگەن قەسىمىڭ يادىڭدا يوقمۇ؟

— بۇ... بۇ...

دولقۇننىڭ تىلى كالۋالىشىپ قالدى. بىردىنلا يۈزلىرىمۇ قىزىرىپ كەتتى. ئۇ شۇ كۈنى يېڭىدىن پىيونېر بولغان ئوقۇغۇچىلارغا ۋاكالىتەن سۆزمۇ قىلغانىدى. شۇ ئىشلار ئېسىگە كېلىپ قالغان دولقۇن دوستى كۈرەشكە يەر تېگىدىن قاراپ قويىدى. كۆڭلىدە: «كۈرەش مېنىڭ ھەقىقىي دوستۇم، ئۇنىڭ ئالدىدا قەسىمىدىن يېنىۋالسام بولماس. مەكتەپتە، ساۋاقداشلىرىم ئالدىدا يۈزۈم چۈشۈپ كېتىدىغان ئىشنى قىلسام قانداق بولىدۇ؟» دەپ ئويلىدى — دە، بىردىنلا غەيرەتكە كېلىپ كۈرەشنىڭ قولىدىن گالىستۇكىنى شارتتىدە تارتىپ ئېلىپ بويىنىغا چەگدى.

قوڭغۇراق چېلىندى، دولقۇن دەرسكە كىرىپ كۈرەشنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

— مەن خاتا قىپتىمەن، — دېدى ئۇ كۈرەشنىڭ قۇلىقىغا ئاغزىنى يېقىپ، — بۇ سائەتلىك دەرستىن چىققاندا قوشنا سىنىپتىكى سەمەتتىن كەچۈرۈم سورايمەن.

— ياخشى، ئەمدى مېنىڭ دوستۇمغا ئوخشىدىڭ.

— مەن دەرستە ياخشى بولغىنىم بىلەن تەنتەربىيەدە، توپ ئويناش ئىشلىرىدا ياخشى ئەمەسكەنمەن. ئۆزۈمنىڭ تىكتاك توپ ئويناپ ئۇتتۇرۇپ قويغىنىمنى باشقىلاردىن كۆرسەم بولمايدىكەن.

— مانا، مانا، ئەمدە توغرا چۈشىنىپسەن. تونۇگۇنلا مۇشۇنداق ئويلىغان بولساڭ، بىرمۇنچە كۆڭۈلسىزلىكمۇ بولمايتتى. — دېدى كۈرەش دولقۇننىڭ كۆزىگە قاراپ.

— بۇندىن كېيىن دىققەت قىلىمەن، ئاداش!

كۈرەش بىلەن دولقۇن قول سىقىشتى. ئۇلارنىڭ دوستلۇقى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى.

# يۈز نومۇر ئالغاندا

سىنىپ ئىچى شۇنداق جىمجىت ئىدىكى، مۇئەللىمنىڭ ئۇياق ـ تىن ـ بۇياققا ماڭغان ئاياغ تىۋىشىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. سىنىپتىكى قىرىق بەش نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ پۈتۈن دىققىتى ساۋاقداش ئاينۇر دوسكىدا ئىشلەۋاتقان ھېسابقىلا مەركەزلەشكەنىدى. ئاينۇر ھېسابنى ئىشلەپ بولۇپ دوسكىنىڭ بىر تەرىپىدە تۇردى.

— ئىشلەپ بولدىڭىزمۇ؟ — سورىدى مۇئەللىم.

— ھەئە، ئىشلەپ بولدۇم، — دېدى ئاينۇر ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا، دېرىزە تۈۋىدە قولىنى كەينىگە قىلىپ كۈلۈپ تۇرغان مۇ ـ ئەللىمگە قاراپ.

— قانداق ساۋاقداشلار، ئاينۇر ھېسابنى توغرا ئىشلىدىمۇ؟ — سورىدى مۇئەللىم بىردىنلا ئوقۇغۇچىلارغا يۈزلىنىپ.

— توغرا ئىشلىدى.

ئوقۇغۇچىلار بىردەك جاۋاب بېرىشتى. ئاينۇر ھېسابنى تەلەپكە لايىق، توغرا ئىشلىگەنىدى.

— ياخشى، ئولتۇرۇڭ. نومۇرىڭىز 100، — دېدى مۇئەللىم ۋە سىنىپ خاتىرىسىگە نومۇرنى خاتىرىلەپ قويدى. قىرىق بەش جۈپ كۆز ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئۆز پارتىسىغا قاراپ ماڭغان ئاينۇرغا سۆيۈ ـ نۈش بىلەن تىكىلدى.

ئاينۇر 13 ـ 14 ياشلارغا كىرگەن قىز بولۇپ، شۇ تۇرقىدا خۇددى ئېچىلىش ئالدىدىكى بىر تال غۇنچىغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ قۇمۇچاقتەك قاپقارا كۆزلىرىدىن چاقنىغان نۇر، ئالمىدەك يۇمىلاق يۈزلىرىدىكى تەبەسسۇم ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى چەكسىز خۇشاللىقىنى كىشىگە نامايان قىلىپ تۇراتتى.

ئالدىنقى مەۋسۇمدا بىر كۈنى مۇئەللىم ئاينۇرنى دوسكىغا چىقىرىپ ھېساب ئىشلەتكۈزدى. بىراق ئاينۇر ئىشلەشكە بېرىلگەن ئاددىي بىر ھېسابنىمۇ ئىشلىيەلمەي، خىجىللىقتىن بورنىنى ئالدىنىدا تۇتقان ھالدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ دوسكا ئالدىدا تىرناق تاتىلاپ تۇردى.

— ئىشلىيەلمىدىڭىزمۇ؟ — سورىدى مۇئەللىم ئاينۇرغا سەپسېلىپ، — ھورۇنلۇق قىلىپ ئۆگىنىشكە كۆڭۈل بۆلمەيسىز. بۇ ئاددىي ھېسابنى سىنىپتىكى ھەممە ساۋاقداشلىرىڭىز ئىشلەپ بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ ساۋاقداشلىرىڭىزغا يېتىشىۋېلىڭ! بىزدە «بىلىمسىزلىك ـ جانسىزلىق» دەيدىغان گەپ بار، ئولتۇرۇڭ، — دېدى.

مۇئەللىمنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا قىلغان بۇ سۆزى ئاينۇرغا ناھايىتىمۇ چوڭقۇر تەسىر قىلدى. ئاينۇرنىڭ ئىزا تارتقىنىدىن يۈزى قىزىرىپ كەتتى. ئۇ بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي بېرىپ ئۇستىلىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن: «مۇئەللىم توغرا دەيدۇ، ئادەتتە مەن ئۆگىنىشكە ئانچە قىزىقمايمەن. بولۇپمۇ مۇشۇ ھېساب دەرسىگە. مانا بۈگۈن ئۆگەنمىگەننىڭ نەتىجىسى كۆرۈلدى. مەن باشقا ساۋاقداشلىرىم بىلگەننى نېمىشقا بىلمەيمەن؟ مەن دۆتمۇ؟ ياق، ھەممىسى تىرىشمىغانلىقىمدا. بۇنىڭدىن كېيىن ھورۇنلۇق قىلماي تىرىشىپ ئۆگىنەي» دېگەنلەرنى كۆڭلىگە پۈكتى.

بۈگۈنكى بۇ سىناقتىن كېيىن ئاينۇر ساۋاقنى يەكۈنلىدى. ئۇ دەرستە ئويناپ ئولتۇرمايدىغان بولدى. تاپشۇرۇقلارنىمۇ ئۆزى باش قاتۇرۇپ مۇستەقىل ئىشلەيدىغان بولدى. ئاينۇرنىڭ ئۆگىنىشكە بېرىلىشى مۇئەللىمنى ئىنتايىن خۇش قىلدى. ساۋاقداشلىرىمۇ ئاينۇرغا تۇشمۇتۇشتىن ياردەم قىلىشقا باشلىدى. «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە» دېگەندەك، ئاينۇر كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىپ يېرىم يىلغا قالمايلا سىنىپتىكى ھېساب دەرسىدە ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

ئاينۇر ھېسابنى ئىشلەپ بولۇپ ئۆز ئۇستىلىگە بېرىپ ئول-
تۇرغاندىن كېيىن، مۇئەللىم:
— ھەممىڭلار ئاينۇرنىڭ تىنىمسىز ئالغا ئىلگىرىلەش روھى-
نى، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش روھىنى ئۆگىنىڭلار. شۇنداق
روھ بولغاندىلا ئىلىم - پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىققىلى، ئۆ-
زىمىزگە، ۋەتەن - خەلققە شان - شەرەپ كەلتۈرگىلى بولىدۇ، —
دېدى.
سىنىپتىكى قىرىق بەش جۈپ كۆز ئاينۇرغا يەنە بىر قېتىم
تىكىلدى. مۇئەللىمنىڭ ماختىشى ئۇنىڭ يۈزلىرىنى قىزارتىۋەتكەن
بولسىمۇ، كۆزلىرىنى نۇرلاندۇرۇۋەتكەنىدى.

# بىر باغلام باشاق

مەكتەپتىن چۈشلۈك دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىشى بىلەنلا ئۆ-ىگە كەلگەن نۇرگۈل ئۆكسىدىن، دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ خا-ىانغا ئەنجە سىلكىشكە كەتكەنلىكىنى ئۇقۇپ، هويلىدىكى تال بارا-ڭىنىڭ ئاستىغا توختىتىپ قويۇلغان كۆپنىڭ مۇزدەك سوغۇق سۇ-يىدىن بىر چەينەك ئالدى ـ دە، پىژغىرىم ئىسسىققا قارىماي خا-ىانغا قاراپ ماڭدى.

ۇرگۈلنىڭ دادىسى خامانىنى يولنىڭ ئۇ چېتىدىكى بىر ئېتىز-غا ئەتكەنىدى. نۇرگۈل چەينەكتىكى سۇنى كۆتۈرۈپ خامانىنىڭ ئۇ-دۇلىغا كەلگەندە ئالدى تەرەپتىن ئۇستىڭگە لىق ئەنجە بېسىلغان بىر ئېشەك هارۋىسى كېلىپ قالدى. ئەنجىنىڭ ئۇستىگە چىقىپ ئولتۇرغان ئادەم هارۋىدىكى ئېشەكنى باشقۇرالمايۋاتاتتى. «توقلۇق-تىن شوخلۇق چىقىدۇ» دېگەندەك يازدىن بىكار يېتىپ يەپ سەم-رىپ، زېرىكىپ قالغان ئېشەك بار كۈچى بىلەن هارۋىنى سۆرەپ كەلمەكتە ئىدى. نۇرگۈل بىر قاراپلا هارۋىدىكى ئادەمنىڭ قوشنا مەهەللىدىكى سادىق ئاكا ئىكەنلىكىنى بىلدى. سادىق ئاكىنىڭ خا-منى نۇرگۈلنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئىدى.

نۇرگۈل ئېشەكتىن قېچىپ يولنىڭ بىر چېتىگە چىقتى ـ دە، ئۆز خامىنى تەرەپكە ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، هارۋىدىن بىر باغلام با-شاق چۈشۈپ قالدى. بۇنى كۆرگەن نۇرگۈل:

ـــ سادىق ئاكا، باشاق چۈشۈپ قالدى! ـــ دەپ توۋلىدى. دەل شۇ چاغدا هارۋىنى تارتىپ چېپىپ كېتىپ بارغان ئېشەك قاتتىق هاڭرىغان بولغاچقا، هارۋا ئۇستىدىكى سادىق ئاكا نۇرگۈلنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىمىدى. نۇرگۈل يەنە توۋلاي دەپ بولغۇچە هارۋا خېلى ئۇزاپ كەتتى. نۇرگۈل قولىدىكى چەينەكنى يول ياقى-

سىدىكى قىرغا قويدى ـ دە، يولغا چۈشۈپ قالغان بىر باغلام با ـ شاقنى ئېلىپ قولتۇقىغا قىسىپلا ھارۋىسىنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى.

نۇرگۈل بىر باغلام باشاقنى سادىق ئاكىسىنىڭ خامىنىغا ئاپىرىپ بېرىپ كەلگەندە، دادىسى بىلەن ئانىسى تەرلەپ ـ پىشىپ خاماندى ـ كى ئەنجىلەرنى سىلكىۋاتاتتى. نۇرگۈل يول بويىدىكى ئېتىز قى ـ رىدا قويۇپ كەتكەن چەينەكمۇ خاماندا تۇراتتى.

ــ سۇ ئىچتىڭلارمۇ؟ ــ سورىدى نۇرگۈل ئانىسىغا قاراپ.

ــ ئىچتۇق، ــ دېدى ئانىسى قوپال ئاۋاز بىلەن.

نۇرگۈل دادىسىغا قارىدى. دادىسى نۇرگۈلگە ھومىيىپ قاراپ قويۇپ ئەنجىنى سىلكىۋەردى. نۇرگۈل ئانىسىغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن خاماننىڭ قىرىدا تۇرۇپ، خاماننىڭ سىرتىغا چىقىپ كەت ـ كەن بىر تال باشاقنى ئېلىپ خامانغا تاشلىدى.

ــ بىر باغلام باشاق چۈشۈپ قالسا كەينىدىن ئاپىرىپ بېرىسەن. ئەمدى بولسا بىر تال باشاقنى تېرىپ كەتكىنىڭ نېمىسى؟ ــ دېدى ئانىسى نۇرگۈلگە قاراپ.

ــ ئۇ باشاق سادىق ئاكىنىڭ تۇرسا، ــ دېدى نۇرگۈل تەمكىنـ ـلىك بىلەن.

ــ ئېرىقتىن ئاتلاپلا بىزنىڭ خامانغا تاشلىۋەتسەڭ ئىككى جىڭ بۇغداي ئارتۇق چىقاتتى، ــ دېدى ئانىسى يەنە.

نۇرگۈل ئانىسىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى. چۈن ـ كى ئانىسى ئۇنىڭغا دائىم كىشىلەرنىڭ نەرسىسىنى ئېلىۋالماس ـ لىق، تېپىۋالغان نەرسىلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش توغرى ـ سىدا تەربىيە بېرەتتى. ئۆزىمۇ كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرلىرىنىڭ نەرسىلىرىنى ئېلىۋالغىنىنى ئاڭلىسا ناھايىتى خاپا بولاتتى. نۇر ـ گۈل: «بۈگۈن ئانامغا نېمە بولغاندۇ؟ مەن ھېچ ئىشنى خاتا قىلمى ـ دىم» دەپ ئويلىدى ۋە ئىتتىك دادىسىغا قارىدى. دادىسى بولسا قى ـ لىۋاتقان ئىشىنى توختىتىپ قولىدىكى ئارىغا تايىنىپ نۇرگۈلگە قاراپ تۇراتتى.

— قىزىم، — دېدى دادىسى شۇ چاغدا، — سېنىڭ قىلغان ئىشىڭ توغرا بولدىمۇ، توغرا بولمىدىمۇ شۇنى دەپ بەرسەڭ ئاناڭدىن قۇتۇلىسەن.

— مېنىڭ چۈشۈپ قالغان بىر باغلام باشاقنى ئاپىرىپ بېرىشىم توغرا بولدى.

— قانداق توغرا بولدى؟ دېمەمسەن، — دېدى دادىسى كۈلۈپ.

نۇرگۈل:

— بىرىنچىدىن، ئۇ بىر باغلام باشاق تېپىۋېلىنغان نەرسە بولغاچقا ئىگىسىگە قايتۇرۇش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، ئۇ بىر باغلام باشاق بىزنىڭ ھالال تەرىمىز بەدىلىگە كەلگەن ئەمەس. ئۆز ئەمگىكى بەدىلىگە كەلمىگەن نەرسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ئىنسانىي خىسلەتنى يوقاتقانلىق بولىدۇ، — دېدى.

نۇرگۈلنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان دادىسى قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— ۋاي ئەقىللىك بالام، قىلغان ئىشىڭمۇ توغرا، قىلغان گېپىڭمۇ توغرا. ئاناڭ سېنى سىنىماق ئۈچۈن شۇنداق دېگەن. سەن سادىق ئاكىنىڭ ھارۋىسىدىن چۈشۈپ قالغان بىر باغلام باشاقنى ئېلىپ ماڭغىنىڭدا ئاناڭ بىلەن ئىككىمىز ناھايىتى خۇش بولدۇق.

نۇرگۈلنىڭ ئانىسىمۇ كۈلۈپ كەتتى.

— بالىلىرى ياخشى ئىش قىلسا خۇش بولمايدىغان ئاتا ـ ئانىنى ئاتا ـ ئانا دېگىلى بولمايدۇ، بالام.

ئانا قولىدىكى ئارىنى قويۇپ، نۇرگۈلنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە، قىزىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى. ئاندىن تولىمۇ خۇشال بولغان ھالدا:

— سۇ ئېلىپ كەلگىنىڭگە رەھمەت قىزىم. چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى توشاي دەپ قالدى. قايتىپ كېتىپ مەكتىپىڭگە بارغىن! — دېدى.

# تەلەي

سەھەر كۆرگەن چۈشۈم كۆڭلۈمنى خىرە قىلىپ قويدى. چۈ-شۈمدە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز سىنىپقا كىرىپ ئوقۇغۇ-چىلارنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۆتكەن سا-ئەتتە ئۆتكەن دەرستىن سىناق ئالماقچى بولدى - دە، كۈتمىگەندە «تۇرسۇنجان» دەپ مېنىڭ ئىسمىمنى چاقىرىپ قالدى. مەن ئاستا ئورنۇمدىن تۇردۇم. مۇئەللىم ئىككى سوئالنى ئوتتۇرىغا قويۇپ جاۋاب بېرىشىمنى ئېيتتى. تەييارلىقىم بولمىغاچقا، ئۇ سوئاللار-نىڭ بىرسىگىمۇ جاۋاب بېرەلمىدىم.

— ئولتۇرۇڭ، — دېدى مۇئەللىم ئاغرىنىش، ئەيىبلەش نەزەرى بىلەن ماڭا قاراپ، — دەرس ئۆگەنمەي كەپسىز - دە؟

بۇ كۆڭۈلسىز چۈشنىڭ تەسىرىدىن سەھەردىلا روھسىز ھالدا ئورنۇمدىن تۇردۇم. يۈز - كۆزۈمنى يۇيغاندىن كېيىن چالا - بۇلا ناشتا قىلدىم - دە، مەكتەپكە قاراپ ماڭدىم. قولۇمغا ئەدەبىيات كونسپېكتىمنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدىم.

— تۇرسۇنجان، توختا، بىللە ماڭايلى، — دېدى بىرسى ئارقا تەرىپىمدىن توۋلاپ.

مەن توختاپ ئارقامغا بۇرۇلدۇم. ساۋاقدىشىم ئەركىن مەن تە-رەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى.

ئۇ كەلگەندىن كېيىن بىرگە ماڭدۇق. مەن يەنىلا قولۇمدىكى كونسپېكتتىن كۆز ئۈزمىدىم.

— ئاداش تېزراق ماڭايلىمۇ، — دېدى ئەركىن.

— مۇشۇنداق ماڭايلى. دەرس ئۆگەنمىسەم بولمايدۇ، — دېدىم ۋە سەھەر كۆرگەن چۈشۈمنى ئەركىنگە سۆزلەپ بەردىم. ئەركىن

توساتتىن مورەمگە ئۆرۈپ:
— تەلىيىڭ باركەن. راستتىنلا چوڭ تەلەي! — دەپ تـوۋلاپ كەتتى.
— نېمە، قانداق چوڭ تەلەي؟ — دېدىم ھەيران بولۇپ.
— راستتىنلا چوڭ تەلەي. بۈگۈن سەندىن سىناق ئالمايدۇ، — دېدى ئەركىن.
— راستمۇ؟ — سورىدىم مەن.
— شۇنداق بولمايچۇ، چوڭ دادام «سەھەر كۆرگەن چۈش ئەكسىچە بولىدۇ» دېگەنىدى، — دېدى ئەركىن ئىشەنچلىك قىلىپ.
مەن ئويلىنىپ قالدىم. ئەركىن يالغان سۆزلىمەيدۇ. ئۇ چوڭ دادىسىنىڭ ئۆيىدە يېتىپ - قوپىدۇ. ئۇنىڭ چوڭ دادىسى دېگەن بۇ يۇرتتىكى كاتتا ئۆلىما، كىشىلەرنىڭ كۆرگەن چۈشلىرىگە تەبىر بېرەلەيدىغان ئادەم. ئەركىن چوڭ دادىسىدىن ئاڭلىغان چۆچەكلەرنى بىزگە ئېيتىپ بېرىدۇ. بەزى گەپلىرىدىن بىز ھەيران قالىمىز. ئەركىن بىر قېتىم «ئەلقەمجان بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ چۈشەپ قاپتىمەن» دەپ يورەتتى. ھازىر ئۇلار ناھايىتى ئىناق دوست. مەنمۇ بۈگۈن مۇئەللىم سىناق ئالسا جاۋاب بېرەلمەي چۈشەپ قاپتىمەن. ئەركىننىڭ چوڭ دادىسى دېگەندەك سەھەردە كۆرگەن چۈش ئەكسىچە بولسا، بۈگۈن مۇئەللىم مەندىن سىناق ئالمايدۇ دېگەن گەپ.
مەن شۇلارنى ئويلاپ، ئۆزۈمچە خۇشال بولدۇم. قولۇمدىكى كونسپېكتىمۇ سومكامغا سېلىپ ئەركىن بىلەن پاراڭلىشىپ مېڭىپ مەكتەپكە كەلدىم.
دەرسكە كىردۇق. مۇئەللىم دەرس ئۆتۈشكە كىردى. مەن بۈگۈن مۇئەللىم مەندىن سىناق ئالمايدۇ دەپ ئويلىغاچقا خاتىرجەم ئىدىم. مۇئەللىم يوقلىما قىلىپ بولغاندىن كېيىن سىناق ئالماقچى بولدى - دە، دەرس يوقلىمىسىدىكى ئىسىملارغا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن مېنىڭ ئىسمىمنى چاقىردى.

ئىسمىم چاقىرىلىشى بىلەن ئاستا ئورنۇمدىن تۇردۇم. مۇئەللىم ئالدىنقى ھەپتىدە ئۆتكەن دەرستىن ئىككى سوئال سورىدى. مەن ھېچبىر مەزمۇننى ئېسىمگە ئالالمىدىم. مۇئەللىم سوئالنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى. جاۋاب بېرەلمەي پېشانەمدىن مۇنچاق - مۇنچاق تەر چىقىشقا باشلىدى.

— ئۆگىنىش قىلماي كەپسىز - ھە؟ بۈگۈن نومۇر قويماي. بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلىڭ، — دېدى مۇئەللىم.

مەن ئاستا ئولتۇرۇۋېتىپ يېنىمدىكى ئۇستەلدە ئولتۇرغان ئەركىنگە قارىدىم. ئۇ سەھەر كۆرگەن چۈش ھەققىدىكى سۆزىنىڭ يالغان بولۇپ قالغانلىقىدىن خىجىل بولدىمۇ كۆزىنى مەندىن قاچۇردى.

# ئىمتىھاندا

ئىمتىھان مائارىپنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ساپا مائارىپىنى يولغا قويىمىز دېگىلى بىر نەچچە يىل بولۇپ قالغان بولسىمۇ «ئىمتىھان» ئىبارىسى يەنىلا مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنى قوزغاتقۇچ كۈچ ئۆگىنىشكە، تەكرار قىلىشقا، ئىزدىنىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش رولىنى ئويناپ كەلمەكتە. مەۋسۇملۇق، يىللىق ئىمتىھانلارنى ئېلىپ، نەتىجىلەرنى ياخشى خۇلاسىلاپ ئەلاچىلارنى مۇكاپاتلاش ئوقۇغۇچىلارنى تىرىشىشقا ئۈندەشنىڭ بىر ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى مەيلى چوڭلار بولسۇن، مەيلى كىچىكلەر بولسۇن ئىنكار قىلغىنى يوق. شۇڭا ھازىرمۇ ئىمتىھان دېسە يەنىلا مەكتەپلەردە «جىددىيچىلىك» باشلىنىدۇ. ئوقۇتقۇچى ئۆتكەن دەرسلەرنى تەكرار قىلىپ بېرىدۇ، ئوقۇغۇچى ئۆگىنىدۇ.

بۈگۈنمۇ مەكتەپتە باسقۇچلۇق ئىمتىھان ئېلىندى. سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھاننى ياخشى بېرىپ چىقىپ كەتتى. پەقەت زورەم ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچى سىنىپتا ئۆزى يالغۇزلا قالغاندىن كېيىن، ئالدىدا قاراپ تۇرغان مۇئەللىمگە ئىمتىھان قەغىزىنى خۇددى يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ بەرگەندەك بېرىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

زورەم سىنىپتىن چىققاندا دوستى زۇلخۇمار ئۇنى سىنىپ ئالدىدا ساقلاپ تۇراتتى. زۇلخۇمار زورەمنىڭ غەمكىن چىرايىنى، بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلەيلا دەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىمتىھاننى ياخشى بېرەلمىگەنلىكىنى پەم قىلدى ـ دە:

ــ ئىمتىھاننى ياخشى بەردىڭمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ بىر سوئالغا جاۋاب بېرەلمىدىم، ــ دېدى زورەم زۇلخۇمارغا.

— بولدى، ئۇنداق پەرىشان بولما. ئۇ سوئال سەن روخسەت سوراپ ئۆيگە كەتكەندە ئۆتۈلگەن دەرستىن چىقىرىلىپتۇ. دەرسنى ئاڭلىمىغاندىكىن ئەلۋەتتە جاۋاب بېرەلمەيسەن - دە. بۇنىڭدىن كېيىن ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئۆگەنسەڭ ئورنىنى تولۇقلىۋالغىلى بولىدۇ، — دېدى زۇلخۇمار زورەمنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىپ.

زۇلخۇمارنىڭ تەسەللىسى زورەمنىڭ كۆڭلىنى ئازراق تىنجىت-قان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلىگە يەنە ئاشۇ جاۋاب بېرەلمىگەن بىر سوئال كىرىۋېلىپ تىنىمسىز قىينىدى.

زورەمنىڭ ئۆيى مەكتەپكە يىراق بولغاچقا، ياتاقتا يېتىپ ئو-قۇۋاتاتتى. ئۇ ئانىسىنىڭ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلىقىدىن خە-ۋەر تېپىپ، جۈمە كۈنى دەرس توختاشتىن ئىككى سائەت بۇرۇن سىنىپ مۇدىرىدىن روخسەت سوراپ ئائىلىسىگە كەتكەنىدى. كې-يىنكى سائەتتە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى دەرسكە كىرىپ يېڭى دەرس ئۆتتى. دەرس ئاخىرىدا ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى بى-رىنچى سائەتلىك دەرس ۋاقتىدا باسقۇچلۇق سىناق ئىمتىھانى ئا-لىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئائىلى-سىگە قايتقانلار بولسۇن ياكى مەكتەپتە ياتقانلار بولسۇن ھەر ھالدا ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى بىر قۇر كۆرۈپ ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلدى. زورەمنىڭ ئىمتىھان ئېلىنىشتىن خەۋەرسىز قالغىنىدىن زۇلخۇمار-نىڭ كۆڭلى بەكلا يېرىم ئىدى.

زۇلخۇمار تورغاي چۇچۇلىماستا ئورنىدىن تۇرۇپ، تاڭ ئېتىپ بولغۇچە مەكتەپكە كېلىپ بولدى. مەكتەپ ياتاقلىرىدا يانغان ئې-لېكتىر چىراغلىرىنىڭ نۇرلىرى كۆركەم، ئازادە ياتاقلارنىڭ تام-لىرىدا، دېرىزە ئالدىدا قاتار كەتكەن ئۆرۈك دەرەخلىرىنىڭ ئاپپاق چېچەكلىرىدە يالتىرايتتى.

ياتاقتىكى ئوقۇغۇچىلار ئارقا - ئارقىدىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇ-شۇپ سىرتقا چىقىشتى. باھارنىڭ ئىللىق شامىلى سىرتقا چىققان ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈزلىرىنى سۆيۈپ ئۆتەتتى. مەكتەپ قويىنىغا تول-

غان باھار چېچەكلىرىنىڭ خۇش ھىدى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.
ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى مەيدانلارنى، يوللارنى تازىلىسا، بەزىلە-
رى سىنىپلارنى تازىلاشقا باشلىدى. تازىلىق نۆۋەتچىسى بولمىغان
ئوقۇغۇچىلار بەدەن چېنىقتۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى.
زۇلخۇمار بولسا زورەمنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ مەكتەپ دەرۋازىسى
ئالدىدا تۇرماقتا ئىدى.

ۋاقىت ئۆتمەكتە ئىدى. بىر چاغدا ئەتىگەنلىك تاماققا داڭ ئۇ-
رۇلدى. زۇلخۇمار ئىلاجىسىز ياتاققا كىردى ـ دە، بىر ناننى قاچى-
غا چىلاپ ئۇستىگە چاي قۇيۇپ تۇرۇۋېدى، خۇددى يەردىن ئۈنگەن-
دەكلا زورەممۇ ياتاققا كىرىپ كەلدى. زۇلخۇمار زورەمنى كۆرۈپ
ناھايىتى خۇش بولدى. ئۇلار قىسقىغىنە تىنچلىق سوراشقاندىن
كېيىن سىنىپقا كىرىش بىلەنلا مۇئەللىم باسقۇچلۇق ئىمتىھان
ئېلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئىمتىھان ئېلىنامدۇ؟ نېمىدىن؟ — سورىدى زورەم چۆچۈگەن ھالدا.

— ئەدەبىياتتىن، — دېدى زۇلخۇمار.

— ئاپلا، مەن ئىمتىھان ئېلىنىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسام
ئۆيگە بارماي تەييارلىق قىلماسمىدىم.

زورەم بىردىنلا جىددىيلىشىپ قالدى. ئۇ ياتىقىغا قايتىپ، ئۆ-
يىدىن ئېلىپ كەلگەن نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ساندۇقىغا سالدى ـ
دە، كىتاب ـ دەپتەرلىرىنى ئېلىپ سىنىپقا قاراپ ماڭدى. زۇلخۇ-
مارمۇ ئىچۋاتقان چېيىنى قويۇپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ سىنىپقا كەل-
دى. سىنىپتا خېلى كۆپ ئوقۇغۇچى جىمجىت ئولتۇرۇپ ئۆگىنىش
قىلىۋاتقانىدى. گەرچە بۇ بىر باسقۇچلۇق ئىمتىھان بولسىمۇ،
ئەمما كىمنىڭ زادى قانچىلىك بىرنەرسە ئۆگەنگەنلىكىنى بىلىپ
باقىدىغان پەيت ئىدى.

زورەم ئۇستىلىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ بولغۇچە زۇلخۇمارمۇ ئىز
بېسىپ كېلىپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇلار كىتاب ـ
دەپتەرلىرىنى قوللىرىغا ئېلىپ ۋاراقلاپ تۇرۇۋېدى، دەرسكە كى-

رىشكە قوڭغۇراق چېلىندى. شۇنىڭ بىلەن سىرتتىكى ئوقۇغۇ-چىلار خۇددى ئۇلۇغ ئاققان ئۆستەڭ سۇيىدەك سىنىپقا كىرىشتى. سىنىپتا جىددىيچىلىك باشلىنىپ كەتتى.

— ئەمىسە ئالدىنقى جۇمە كۈنىدىكى گېپىمىز بويىچە باسقۇچلۇق سىناق ئىمتىھانى ئالىمەن. ھەممىڭلارنىڭ ئۆز كۈچۈڭلارغا تايىنىپ ئىمتىھاننى ياخشى بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى مۇئەل-لىم سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا تەكشى قاراپ چىققاندىن كېيىن.

مۇئەللىم ئىمتىھان سوئاللىرىنى دوسكىغا بىر - بىرلەپ ياز-دى. دوسكىغا مارجاندەك تىزىپ يېزىلغان سوئاللار ئىچىدە زورەم بىلمەيدىغان بىر سوئال يېزىلدى. ئۇ سوئالنى ئوقۇپ ئوڭايسىزلى-نىپ كەتتى ۋە: «بۇ دەرسنى قاچان ئۆتكەن بولغىيدى؟» دەپ ئويى-لىدى. يېنىدىكى زۇلخۇماردىن سوراپ كۆرمەكچىمۇ بولدى. لېكىن ئىمتىھان ۋاقتىدا ئۇنداق قىلىش زورەم ئۈچۈن بولمىغۇر بىر قى-لىق ئىدى. زورەم ئويلىنىپ ئۆزى بىلمەيدىغان بۇ سوئالنىڭ جۇمە كۈنى سوراپ ئۆيگە كەتكەندە ئۆتۈلگەن دەرستىن چىقىرىلغانلىقى-نى بىلدى.

— ھە، — دېدى زورەم ئىچىدە، — ئىككى سائەت دەرسكە قات-ناشمىغانلىق دېگەن بىلىم ئېلىش ئۈچۈن مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلارغا نىسبەتەن ئاجايىپ چوڭ زىيانكەن ئەمەسمۇ؟

زورەم ئۆزى بىلىدىغان سوئاللارغا بىردەمدە جاۋاب يېزىپ بول-دى. ساۋاقداشلىرىمۇ سوئاللارغا جاۋاب يېزىپ بولۇپ بىر - بىرلەپ سىنىپتىن چىقىپ كەتتى. زۇلخۇمارمۇ زورەمنى ساقلاپ بىردەم ئولتۇردى. زورەم ئۆزى بىلمەيدىغان بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى زۇل-خۇماردىن سورىمىدى. زۇلخۇمارمۇ ئۇنىڭ ئىمتىھاندا «ياردەم» سو-رىمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە ئىمتىھان قەغىزىنى تاپشۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

زورەممۇ ئاخىرى ئۆزىلا قالغان سىنىپتىن ئىمتىھان قەغىزىنى مۇئەللىمگە بېرىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

# ئەگرى يول

سادىرجاننىڭ مەھەللىسى ئوتلاقتا يېقىن ئىدى. مەكتەپتە ئو-قۇمايدىغان بالىلار ئەتىگەن - ئاخشاملاردا ئۇلاغلىرىنى ئوتلاققا ئې-لىپ بېرىپ بېقىپ كېلەتتى. كەچلەردە بولسا مەھەللىدىكى با-لىلارنىڭ ئارىسىدا ئوتلاقتا بولۇنغان ئىشلارنىڭ پاراڭلىرى قىزىپ كېتەتتى.

بولۇپمۇ ئوتلاقتىكى پۇل تىكىپ ئوينالغان قارت ئويۇنىدا كىم-نىڭ قانچە پۇل ئۇتۇۋالغانلىقى، كىمنىڭ قانچە پۇل ئۇتتۇرغانلى-قى، ئويۇنغا چىدىمىغانلارنىڭ قانداق مۇشتلاشقانلىقى توغرىسىدى-كى پاراڭلار سادىرجاننى ئوبدانلا قىزىقتۇرۇپ قويىدى.

يازلىق تەتىل قويۇپ بېرىلىشى بىلەن سادىرجانمۇ مەھەللىدىكى باشقا ساۋاقداشلىرىغا ئوخشاش، ئاتا - ئانىسى ھەر كۈنى ئېتىز-لىقتىن ئوت ئېلىپ بېرىپ بېقىپ كېلىۋاتقان ئالتە قوي بىلەن بىر ئېشەكنى ئوتلاققا ئېلىپ بېرىپ بېقىشقا باشلىدى. ئوتلاقتا با-لىلار كۆپەيگەندىن كېيىن ئويۇننىڭ تۈرلىرىمۇ كۆپەيدى. بالىلار بەزىدە ئۇلاغ باقىدىغان تاياقلىرىنى «قورال» قىلىپ «سوقۇش» ئو-يۇنى ئوينىسا، بەزىدە بىر تال تاياقنى سانجىپ قويۇپ يىراقتىن چالما بىلەن سوقۇپ ئوينايتتى. بىراق بۇ ئويۇنلارنىڭ ئورنىنى بارا - بارا قارت ئويناش ئىگىلەپ كەتتى. دەسلەپتە قارت ئويناپ ئۇتتۇ-رۇۋەتكەنلەر بىرەر ناخشا ئوقۇپ بېرىش، كالا، قوي، ئۆچكە، ئې-شەكلەرنى، توخۇ، قاغا، ھۆپۈپلەرنى دوراپ بېرىش، بىرەر - ئىككى يۇمۇر ئېيتىپ بېرىش بىلەن چەكلەنگەن بولسا، كېيىن تەرەققىي قىلىپ ئون پۇڭ، يىگىرمە پۇڭ، ھەتتا 50 پۇڭ دو تىكىپ ئويناشقا بېرىپ يەتتى.

بەزى بالىلار: «مۇئەللىم تەتىل قويۇپ بېرىش ئالدىدا، بۇنداق ئويۇننى ئوينىماڭلار، ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ. ئاتا ـ ئاناڭلار بەرگەن پۇللارنى يىغىپ، دەپتەر ـ قەلەم ۋە باشقا تۇرلۇك ئوقۇش ـ لۇقلارنى سېتىۋېلىپ ئوقۇڭلار» دېگەن دەپ قارتتا پۇل تىكىپ قىمار ئوينىغۇچىلاردىن قويلىرىنى ئايرىپ باقتى.

قەدىمكىلەر: «يامانغا يولۇقساڭ يارىسى يۇقىدۇ، قازانغا يولۇق ـ ساڭ قارىسى يۇقىدۇ» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقانىكەن. سادىرجان قوشنىسىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇمايدىغان ئوغلى كېرىمنىڭ قىزىقتۇ ـ رۇشى بىلەن پۇل تىكىپ قارت ئوينايدىغان بالىلار ئارىسىغا قوشۇ ـ لۇپ قالدى. ئۇ دەسلەپتە بالىلارنىڭ قارت ئويناشلىرىغا قاراپ ئول ـ تۇرۇپ، گېزى كەلگەندە كۆلكە ـ چاقچاق قىلىپ ئۇلارنىڭ كۆڭ ـ لىسنى ئاۋۇتۇشۇپ بەردى.

ــ سەنمۇ بىرەر قول ئوينىماسەن؟ ــ دېدى بىر كۈنى كېرىم سادىرجاننى زورلاپ.

ــ مۇئەللىم ئوينىماڭلار دېگەنىدى، ــ دېدى سادىرجان.

ــ مۇئەللىم بۇ ئوتلاقتا ساڭا قاراپ ئولتۇرامتى؟ ئۇنداق دې ـ گىچە دادام پۇل بەرمەيدۇ دېگىنە، ــ دېدى كېرىم ئۇنى مەسخىرە قىلىپ.

ــ پۇلۇم بار، ــ دېدى سادىرجان مەيدىسىگە ئۇرۇپ.

ــ ئۇنداق بولسا پۇلغا چىدىمايۋېتىپسەن ـ دە؟ ــ دېدى كې ـ رىم كالپۇكلىرىنى ئۇچلاپ.

ــ كىم پۇلغا چىدىمايدىكەن، سانا ئوينايمىز، ــ دېدى سا ـ دىرجان.

شۇنداق قىلىپ سادىرجان ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا پۇل تىكىپ قارت ئويناشقا كىرىشىپ قالدى. بىر كۈنى ئۇ نەچچە قېتىم ئۇ ـ تۇپ، نەچچە قېتىم ئۇتتۇرۇپ ئاخىرقى ھېسابتا بىر كوي ئۇتتۇۋال ـ غان بولدى. كېرىم تۆت كوي ئۇتتۇۋالدى. سادىر بىلەن كېرىم ئۇلاغلىرىنى بېقىپ بولۇپ ئوتلاقتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن

ئىككىسى ئۇتۇۋالغان پۇلنى بىرلەشتۇرۇپ مەھەللىدىكى باققالدىن قوغۇن ئېلىپ يېدى. سادىرجان بىرنەچچە كۈنگىچە ئۇتۇپ ـ ئۇتتۇرۇپ يۈرۈپ ئاخىرى بەش كوي ئۇتتۇرۇۋەتتى. دادىسى «دەپتەر ئال» دەپ بەرگەن پۇلمۇ تۈگىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قارت ئويناشقا قارارىغا كېلىپ بىرنەچچە كۈن ئوينىماي، ئويناشقانلارغا قاراپ ئولتۇردى. تەتىللىك تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەشنى بولسا ئۇنتۇپلا كەتتى.

بىر كۈنى سادىرجان ئۆيىدىكى كىگىزنىڭ تېگىدىن ئۈچ كوي پارچە پۇل تېپىۋالدى. دادىسىغا «پۇل بەر» دېيەلمەي يۈرگىنىدە بۇ پۇلنىڭ ئۇچراپ قېلىشى سادىرجاننى ناھايىتى خۇش قىلىۋەتتى. ئۇ بۇ پۇلنى دەسمى قىلىپ ئويناپ ئۇتتۇرۇۋەتكەن پۇللىرىنى بىر ـ بىرلەپ قايتۇرۇۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. كەچتە كۆزىگە ئۇيقۇمۇ كىرمىدى. ئۇ قارتنى قانداق ئويناش، قانداق قىلىپ پۇل ئۇتۇۋېلىش توغرىسىدا خىيال سۈردى. ئۇ خىيال سۈرگەنسېرى خىياللىرى قاناتلىناتتى. ئەتە قارت ئوينىسىلا ھەممە بالىلارنىڭ پۇللىرىنى ئۇتۇۋېلىپ ئۇلارنى «قاق سەنەم» قىلىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى.

سادىرجان ئەتىسى سەھەردە، كېرىمنىڭ چاقىرىشى بىلەن ئويۇنغا چىقتى. ئۇلار ... باردى. بالىلار ئۇلاغلىرىنى ئۇتلاققا قويۇۋېتىپ يەنە قارتنى قولىغا ئېلىشتى.

ــ مەنمۇ ئوينايمەن، ــ دېدى سادىر يانچۇقىدىكى پۇلنى بالىلارغا كۆرسىتىپ.

ــ ئۇتتۇرۇۋەتكەن پۇلۇڭنى قايتۇرۇۋالماقچى بولۇپسەن ـ دە؟ ــ دېدى كېرىم سادىرنى قوللاپ، ــ قورقماي ئوينا، قىمار دېگەندە كۆزى قورقسا، قولى تىترىسە «ئامەت» قېچىپ كېتىدىغان گەپ.

ــ ئۇنداق بولسا يىگىرمە پۇڭدىن ئوينايلى، ــ دېدى سادىر لەۋلىرىنى يالاپ.

ــ بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى، ــ دېدى كېرىم ۋە باشقىلار. شۇنداق قىلىپ ئويۇن باشلاندى. سادىرجانغا راستىنىلا «ئامەت»

كەلگەندەك قىلاتتى. ئۇ ئۇتۇپ ـ ئۇتتۇرۇپ يۈرۈپ چۈش بولاي دې-
گەندە بىر كوي ئۇتۇۋېلىپ ئۇلاغلىرىنى ئېلىپ ئۇتلاقتىن قايتىپ
كەلدى.

سادىرجان ناھايىتى خۇشال ئىدى. ئۇ چۈشلۈك تامىقىنى يەپ
بولغاندىن كېيىن كېرىمنى چاقىرىپ مەھەللىدىكى كىچىك بازار-
دىكى دوغچىنىڭ ئالدىغا باردى ـ دە، ئۇتۇۋالغان بىر كويغا بىر
قاچىدىن مۇز قىيام ئەتتۇرۇپ ئىچتى. ئىسسىقتا ئىچكەن مۇز قى-
يام ئۇلارنىڭ يۈرۈكىگە شۇنداق ياقتى. قىيامنىڭ تاتلىقى خېلى
بىر ۋاقىتلارغىچە سادىرجاننىڭ ئاغزىدىن كەتمىدى. چۈشتىن كې-
يىن ئۇلاغلارنى ئېلىپ ئوتلاققا بارغاندا يەنە قارت ئوينىلىپ، سا-
دىرجان يانچۇقىدا قالغان ئۈچ كوي پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئۇتتۇرۇ-
ۋەتتى. «يىقىلغان چېلىشقا تويماپتۇ» دېگەندەك ئۇنىڭ يەنە ئوينى-
غۇسى بار ئىدى. كېرىم بىر ئائىلىنىڭ كالىسىنى بېقىپ بەرگە-
نىگە بەرگەن بەش كوي پۇلنى سادىرجانغا بېرىپ تۇردى.

مەكتەپكە يىغىلىشقىمۇ بىرنەچچە كۈن قالغانىدى. سادىرجان
قانداق بولمىسۇن دادىسى «دەپتەر ئال» دەپ بەرگەن پۇلنى قايتۇ-
رۇۋېلىپ، كېرىمدىن ئالغان پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىپ، سومكىسىنى
دەپتەر ـ قەلەمگە تولدۇرۇپ مەكتەپكە بارمىسا بولمايتتى. شۇڭا ئۇ
پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ قارت ئوينىدى. ئاتا ـ بوۋىلار «قىلما» دەپ
ئاتىغان بۇ ئىشنى ئۇ قىلىۋەردى. كېرىمدىن ئالغان پۇلنىمۇ ئۇت-
تۇرۇۋەتتى.

ـــ تەتىل تۈگىدى، ئەتە مەكتەپكە بارىمەن، ـــ دېدى بىر كۈنى
سادىرجان كېرىمگە، ـــ پۇلۇڭنى دادام پۇل بەرگەندە بېرەي، خاپا
بولماي تۇرۇپ تۇرغىن.

ـــ ماقۇل، ئۆيدىكىلەر «كالا بېقىپ بەرگىنىڭگە بەرگەن پۇل
قېنى» دەپ بولغۇچە تېزراق بېرىۋەتكىن، ـــ دېدى كېرىم.

ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە يىغىلدى. چىرايلىق يېڭى كىيىملىرىنى
كىيىشكەن، سومكىلىرىنى دەپتەر ـ قەلەم بىلەن تولدۇرۇپ بويۇن-

لىرىغا ئېسىشقان ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى خۇشال ئىدى. ئۇلار سېپ-
تىمۇالغان دەپتەر ـ قەلەملىرىنى بىر ـ بىرلىرىگە كۆرسىتىشەت-
تى. يېڭىدىن بىرىنچى سىنىپقا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارمۇ
مەكتەپتىكى ئاكا ـ ئاچىلىرى بىلەن مەكتەپ ھاياتىنىڭ بىرىنچى
كۈنىنى ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. مەكتەپتە بىرلا سادىرجان خۇشال ئە-
مەس ئىدى. ئۇنىڭ سومكىسىدا تەتىلدىن بۇرۇنقى ئوقۇپ بولغان
كىتاب، خەت يېزىپ بولغان، تاپشۇرۇق ئىشلەپ بولغان دەپتەرلەرلا
بار ئىدى.

قوڭغۇراق چېلىنىشى بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئۆز سىنىپلىرىغا
كىرىشتى. سادىرجاننىڭ سىنىپ مۇدىرى كىرىپ ئوقۇغۇچىلىرى-
دىن ئەھۋال سورىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ئەھۋا-
لىنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ مەۋسۇملۇق ئوقۇش ئۈچۈن تەييارلىغان
ئوقۇش قوراللىرىنى تەكشۈرۈپ كۆردى. سادىرجاننىڭ سىنى-
پىدىكى ھەممە ئوقۇغۇچى دەپتەر ـ قەلەملىرىنى تولۇقلاپ كەلگەن
ئىدى.

ــ سادىرجان، دەپتەر ـ قەلەملىرىڭىزنى ئېلىڭ، كۆرۈپ باقاي-
لى، دېدى مۇئەللىم تەكشۈرۈش نۆۋىتى ئۇنىڭغا كەلگەندە.

سادىرجان يۈزىنى تۇتۇپلا ئالدىدىكى ئۈستەلگە بېشىنى قويۇپ
ئولتۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇ تاپتا ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق
بولۇپ تۇيۇلماقتا ئىدى.

ــ سادىرجان، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، ــ دېدى مۇئەللىم، ــ
نېمە بولدىڭىز؟

سادىرجان ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ
ياش ئېقىۋاتاتتى.

ــ مەن... مەن دەپتەر ـ قەلەم ئالالمىدىم.

ــ نېمىشقا؟

ــ شۇ ... شۇ ...

ــ راست گەپنى قىلىڭ، بىز سىزگە ياردەم قىلىمىز، ــ دېدى

مۇئەللىم ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى قول ياغلىقى بىلەن ئېيتىپ تۇرۇپ.

— دەپتەر - قەلەم ئالىدىغان پۇلنى قارت ئويناپ ئۇتتۇرۇۋەتتىم، — سادىرجان شۇ سۆزنى ناھايىتى تەستە ئېغىزىدىن چىقاردى-دە، خىجىل بولغىنىدىن يەنە بېشىنى ئۇستەلگە قويۇپ ئولتۇرۇۋالدى. مۇئەللىم:

— بۇ ئىشىڭىز بولماپتۇ سادىرجان. تەتىلگە قويۇپ بېرىش ئالدىدا مەن سىلەرگە ئوتلاقتا، مەھەللىلەردە قارت قىمىرى ئوينىماسلىقنى، ئەخلاقسىز بالىلارنىڭ كەينىگە كىرمەسلىكنى تاپىلىغان. مانا سىز توغرا قىلماپسىز. مېڭىش چەكلەنگەن ئەگرى يولغا كىرىپ قاپسىز، ئەمدە سىزنى نېمە دەيمىز؟ — دېدى.

سىنىپ ئىچى جىمجىتلىققا چۆمدى. سادىرجان مىشىلداپ يىغلاپ تۇراتتى. مۇئەللىم قىمار ئويناشنىڭ زىيانلىق تەرەپلىرىنى سۆزلەپ ئۆتتى. بىر چاغدا سادىرجان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق ئەگرى يولدا ماڭماسلىققا ۋەدە بەردى.

# ئانا

تەتىل قويۇپ بېرىلگەن كۈنى، ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز «ئا-نا»، «پەزىلەت» دېگەن ئىككى ماۋزۇدا ھېكايە يېزىپ كېلىش تاپشۇ-رۇقى بەردى.

بۇ ئىككى ھېكايىنىڭ ماۋزۇسى كۆرۈنۈشكە ۋە ئېيتىشقا ئاسان بولغىنى بىلەن يېزىشىم تولىمۇ تەسكە چۈشتى. ئىككى ھېكايىنى يېزىشقا بىر ئايغا يېقىن ۋاقىت كەتتى. «پەزىلەت» دېگەن ھېكايىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن «ئانا» دېگەن ھېكايىنى يېزىشقا باش قا-تۇردۇم. قەلەمنىڭ قاپچۇقىنى چىشلەپ، چېكەمنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ كەتكىنىمنى كۆرگەن ئانام:

— بالام، دەم ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇلۇپ قالما. سالامەتلىكىڭگە تە-سىر يېتىپ قالمىسۇن. تەتىل توشۇپ مەكتەپكە بارساڭ ئۆگىنىش-تە ھېرىپ قالىسەن، — دەپ بىرقانچە قېتىم ئېيتتى. لېكىن مەن:

— ماقۇل ئانا، مانا ئاز قالدى، — دەپ قويۇپ، ھېكايىنى يې-زىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋەردىم. ئولتۇرسام - قوپسام شۇ «ئانا» ھېكايىسىنى قانداق يېزىش، قانداق باشلاش، قانداق ئاخىرلاشتۇ-رۇش ئويى مېڭەمدىن كەتمەيتتى.

— قورسىقىڭ ئاچقاندۇ، ماۋۇ چاينى ئىچىۋال بالام، — ئانام چاي، نانلارنى ئۈستەلگە ئەكېلىپ بېرەتتى. بەزىدە يېزىش بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۇ چاي سوۋۇپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئانام:

— ئىچمىدىڭمۇ بالام؟ — دەپ يەنە چاي قۇيۇپ بېرەتتى. لېكىن شۇنداق بېرىلىپ يازغان «ئانا» دېگەن ھېكايەم ئۆزۈمگە يارىمايتتى. قانداق قىلسام «ئانا» دېگەن ھېكايىنى ياخشى يازغىلى بولىدۇ؟ مەن

بۇ سوئالنى ئۆزۈمگە قويۇپ ئولتۇرۇپ 9 ـ قېتىم يازغان «ئانا» ھېكايەم خېلى يامان ئەمەس بولدى. بۇ ھېكايىدە «سەمەتنىڭ ئانىسى بەك مېھرىبان، سەمەت مەكتەپتىن كەلگۈچە تاماق ئېتىپ قويىدۇ. سەھەردە چاي ئىچكۈزۈپ مەكتەپكە يولغا سالىدۇ. ياخشى ئوقۇ، ئۇستازلىرىڭنى ھۆرمەتلە، ساۋاقداشلىرىڭ بىلەن ئىناق ئۆت، كىشىلەرنىڭ نەرسىسىنى ئېلىۋالما، تېپىۋالغان نەرسىلەرنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەر دەپ تەربىيە قىلىدۇ» دەپ يازغانىدىم. مۇشۇنداق يازسام ھېكايە بولامدۇ؟ ھەممە ئادەمنىڭ ئانىسى كۆيۈمچان، قايسى بىر ئانا بالىسىنى «ئوغرى بول، ياخشى ئوقۇما، كىشىلەر بىلەن ئۇرۇش ـ جېدەل قىل» دەيدۇ ـ ھە؟ مېنىڭ ئانامۇ ھەر كۈنى مەكتەپتىن كەلسەم ئاش ئېتىپ بېرىدۇ. سەھەردە چاي ئىچكۈزۈپ مەكتەپكە يولغا سالىدۇ. سەمەتنىڭ ئانىسىغا ئوخشاش تەربىيە قىلىدۇ.

توغرا، مەن ئۆزۈمنىڭ ئانىسىنى يازسام بولامدۇ؟ بىردىنلا كۆز ئالدىم يورۇپ كەتكەندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئانىسىنى يېزىشقا باشلىدىم. ھېكايىنى يېزىۋېتىپ ئانامغا قارىدىم. ئانام تۈنۈگۈن كىيىملىرىمنى يۇيدى، بۈگۈن ياماۋاتىدۇ. يامغۇچە پات ـ پات قولىغا يىڭنە كىرىپ كېتىپ يىڭنە كىرگەن جايىنى ئۇۋۇلاۋاتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ چىرايىدا قىلچىلىكمۇ ئاغرىنىش يوق. مانا، ئانام يىڭنىگە يىپ ئۆتكۈزەلمىدى.

— تۇۋا، ماۋۇ كۆزۈمنى، — دېدى ئانام كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ.

— ئەكەل ئانا، مەن ئۆتكۈزۈپ بېرەي، — دېدىم يېزىشنى توختىتىپ.

— شۇنداق قىلساڭ بەكمۇ خوش بولاتتىم، بالام.

مەن يىڭنىگە يىپ ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئانامنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم. كۆز ئالدىمغا ئانامنىڭ تۈنۈگۈنكى دوڭغاقلاپ يۈرۈپ كىر يۇيغان ھالىتى كېلىشكە باشلىدى. مەن بىرەر چېلەك سۇ ئەكىرىپ بەرمەپتىمەن. يۇيغان كىرلەرنى سىمغا يېيىپمۇ بەرمەپتىمەن. بۇ

ئىشلارنى ئانامنىڭ قىلىدىغان ئىشى دەپ قاراپتىمەن. مانا ئەمدى شۇنداق ئويلىغىنىم ئۈچۈن خىجىل بولۇۋاتىمەن. ئانامغا قارىغان سېرى ئۇنىڭ قورۇق باسقان يۈزلىرى تولۇن ئايدەك، ئاق سانجىلغان چاچلىرى ئاق نۇردەك، كۆك تومۇرلىرى كۆرۈنۈپ قالغان گۆشسىز قوللىرى گۈلدەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

ئانام ناھايىتى ئىشچان، زېرەك بىر ئايال. مەھەللىدىكى ھەممە كىشى تەرىپىنى قىلىشىدۇ. قايسى بىر ئۆيدە توي بولسا ئانامنى بىر كۈن بۇرۇن ئېلىپ كېتىدۇ. بۇنىڭغا مەن ھەيران قالاتتىم. مانا بۈگۈن ئۇنى چۈشەندىم. مەن كىشىلەر شۇ قەدەر ئىززەتلەيدىغان ئانامنىڭ ئىشتا چىۋەر، كېلىشىملىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمىگەن ئىكەنمەن.

— توۋا، — دېدىم ئۆزۈمگە، ئورنۇمدىن تۇرۇۋېتىپ. — ئانامنى «ئانا» دېگەن ھېكايەمنىڭ قەھرىمانى قىلسام بولمامدۇ؟ ئۇنى چوقۇم ياخشى يازالايمەنغۇ؟

شۇنىڭ بىلەن 9 - قېتىم يازغان «ئانا» دېگەن ھېكايەمنى يىرتىپ تاشلاپ 10 - قېتىم ئانامنى باش پېرسوناژ قىلىپ ھېكايە يېزىشقا باشلىدىم.

— بالام، يەنە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ — دېدى ئانام كىيىملىرىمنى ياماپ بولۇپ قېشىمغا كېلىپ.

— ئانا، سىزنى باش قەھرىمان قىلىپ «ئانا» دېگەن ھېكايىنى يېزىۋاتىمەن، — دېدىم مەمنۇن بولغان ھالدا.

ئانام بىردىنلا ھودۇقۇپ كەتتى.

— بالام، مەن قەھرىمان بولالمايمەن. مېنى يازمىغىن. مەن خۇش بولاي؟ ...

— ھا... ھا... ھا، — مەن كۈلۈپ كەتتىم.

ئانام نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى ۋە:

— بالام، بىرەر دۈشمەننى يوقاتمىغان ئادەم قانداقمۇ قەھرىمان بولالايدۇ؟ — دېدى.

مەن چۈشەندۈردۈم.

— ئانا، سەن ئىككى ئاكامنى، ئاچامنى ۋە مېنى تۇغۇپ، بېقىپ چوڭ قىلغان قەھرىمانسەن. مەن بۇ ھېكايىدا سېنىڭ شۇ ئىشلىرىڭنى يازغاندىن باشقا، يەنە «مېنىڭ ئانام بەكمۇ كۆيۈمچان، ناھايىتى ئىشچان، پۈتۈن يۇرت - مەھەللىدىكىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر ئايال، يىللار، كېچە - كۈندۈز تارتقان جاپا - مۇشەققەتلەر ئۇنى قېرىتتى. ئانام ھازىر ياشىنىپ قالدى. مەن ئانامنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاپ ياخشى ئوقۇش، ياخشى ئادەم بولۇش بىلەن بىرگە، بۈگۈندىن ئېتىبارەن كىيىملىرىمنى ئۆزۈم يۇيۇپ كىيىمەن. يىرتىلسا ئۆزۈم يامايمەن. ئانام تاماق ئەتكەندە سۇ ئەكىرىپ بېرىمەن. ئوچاققا ئوت قالاپ بېرىمەن، ئېتىز - ئېرىقنىڭ ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىمەن، دەپ يازىمەن، — دېدىم.

— ھە، — دېدى ئانام بىردىنلا چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — سەن باققىنىمنى بىلىدىغان، ۋاپادار بالا بولغۇدەكسەن، ساڭا رەھمەت بالام!

ئانامنىڭ «رەھمەت» سۆزى ماڭا ئاجايىپ رىغبەت ئاتا قىلدى. مەن تولىمۇ قىزغىنلىق، ئىپتىخارلىق ھېسسىياتىم بىلەن ئانام باش پېرسوناژ قىلىنغان «ئانا» ھېكايىسىنى يېزىشقا باشلىدىم.

# ساۋاق

سىنىپ ئىچى يىڭنە چۈشۈپ كەتسىمۇ ئاڭلىنىغىدەك دەرىجىدە جىمجىت ئىدى. دەرستىن چۈشكىلى 20 مىنۇت بولغان بولسىمۇ، ئەمما بىرمۇ ئوقۇغۇچى ئۆيىگە كېتىشكە ئالدىرىمايتتى. ئوقۇغۇچىلار قائىدە بويىچە ئۆز ئۈستىلىدە ئۇدۇل قاراپ ئولتۇرۇشقان بولۇپ، كۆڭۈللىرىدە بولسا ساۋاقدىشى پەرھاتنىڭ، مۇئەللىمنىڭ سورىغان سوئالىغا نېمە دەپ جاۋاب قايتۇرۇشىنى ئويلىماقتا ئىدى. ئەكسىچە سىنىپنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى ئۈستەلدە ئۆرە تۇرغان، ئادەتتىكى ۋاقىتتا سۆزمەنلىكى، كۆرەڭلىكى بىلەن ھېچكىمگە گەپ بەرمەيدىغان، ھازىر بولسا يۈز ـ كۆزلىرى ھەتتا بويۇنلىرىغىچە شالپەردەك قىزارغان، يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى تۈز قويغاندەك ئېچىشىۋاتقان، ئىزادىن يۈزلىرىنىڭ بىر يەرلىرى چۈمۈلە ماڭغاندەك بولۇۋاتقان پەرھاتنىڭ ئېغىز ئاچقۇسى يوق ئىدى. چۈنكى ئۇ ئىمتىھان نومۇرى ئوقۇلۇپ، ئۆزىنىڭ ئۈچ دەرستە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلىكىنى ئۇققاندىلا روھى تېنىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئىزادىن قارا تەرگە چۆمۈلۈپ ئولتۇرغىنىدا مۇئەللىم ئىسمىنى چاقىرىپ قالدى. پەرھات قائىدە بويىچە ئورنىدىن تۇردى. كۈتمىگەندە مۇئەللىم پەرھاتنىڭ دەرستە چېكىنىپ بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. پەرھاتمۇ ئېغىز ئاچسا نېمە دېيىشىنى، گەپنى قەيەردىن باشلاشنى، نېمە دەپ ئاخىرلاشتۇرۇشنى بىلەلمەي تۇردى.

بىراق ئالدىنقى يىللىق ئوقۇشتا سىنىپ بويىچە بىردىنبىر ئەلاچى بولۇپ ئوقۇغان پەرھاتنىڭ بۇ يىل مەۋسۇملۇق ئىمتىھاندا ئاساسلىق ئۈچ پەندىن لاياقەتسىز بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى

مۇئەللىمنىڭ، ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ بىلگۈسى بار ئىدى.

ۋاقىت ئۆتمەكتە ئىدى. مۇئەللىم يەنە سورىدى:

— پەرھاتجان، ئېيتىپ بېقىڭ، سىزنىڭ بۇنداق چېكىنىپ كېتىشىڭىزگە نېمە سەۋەبچى بولدى؟

پەرھات يەنە ئېغىز ئاچمىدى. ئۇ قوشۇمىسىنى چىڭ تۈرۈپ، يەرگە قاراپ تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇراتتى. بەزى ئوقۇغۇچىلار، پەرھات قېچىپ كەتمىسۇن دېگەندەك بويۇنلىرىنى بۇراپ ئۇنىڭغا قاراشقا باشلىدى.

پەرھات بۇلتۇر تولۇقسىز ئوتتۇرىغا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى ئىدى. ئۇ بىرىنچى ئوقۇش يىلىدا سىنىپ بويىچە ئەلاچى بولۇپ مۇكاپات ئالدى. ئۇنىڭ بۇ نەتىجىسى ئۆزىنىڭ قاتتىق تىرىشچانلىقى، بېرىلىپ ئۆگىنىشى نەتىجىسىدە قولغا كەلگەنىدى. پەرھاتنىڭ بۇ مەۋسۇملۇق ئىمتىھاندا لاياقەتسىز بولۇپ قېلىشى ئۇنىڭ قانائەتچانلىقىدىن، مەغرۇرلۇقىدىن بولدى.

بىر كۈنى پەرھاتنىڭ ساۋاقدىشى قەيسەرجان تەتىللىك تاپشۇرۇق ئىشلەش جەريانىدا ھەل قىلالمىغان ئىككى قىيىن مەسىلىنى ئېلىپ كېلىپ پەرھاتقا كۆرسەتتى. پەرھات بولسا:

— مۇشۇنىمۇ ئىشلىيەلمىدىڭمۇ؟ قوي سېنى، — دېدى — دە، قولىغا قەلەم ئېلىپ ئۇ مەسىلىلەرنى ئىشلىمەكچى بولدى. بىراق مەسىلە ئۇنداق ئاددىي ئەمەس ئىدى. پەرھات بىردەم مەسىلە بىلەن ھەپىلىشىپ ئىشلىيەلمىگەندىن كېيىن باھانىدىن بىرنى تاپتى.

— بۇنداق مەسىلىلەر مېنىڭ ئالدىمدا ھېچنېمە ئەمەس ئىدى. ئاخشام كىنوغا كىرىپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى كىنو كۆرۈپ بەك كەچ ياتقىنىم ئۈچۈن ئۇيقۇغا قانمىغاچقا مېڭەم ئاغرىپلا تۇرىدۇ. باشقا بىر كۈنى ئېلىپ كەل، بىردەمدە ئىشلەپ بېرىمەن، — دېدى.

قەيسەرجان كەتتى. پەرھات ئۇ كەتكەندىن كېيىن ھېلىقى ئىشلىيەلمىگەن مەسىلىنى ئويلاپمۇ قويمىدى، تاپشۇرۇقلىرىنىمۇ ئىشلىمىدى. ئاتا ـ ئانىسى «دەرس ئۆگەن» دېسە تامغا چاپلاپ قوي-

غان تەقدىرنامىنى كۆرسىتىپ:

— مەن سىنىپ بويىچە ئەلا ئوقۇدۇم. قالغانلار ماڭا بىر يېتىشۋالسۇن، — دەيتتى.

تەتىل توشتى. پەرھاتجان بولسا ئانىسىدىن بىلىم بىلەن تولغاندەك يوروپ بىرنەچچە ئاينى ئۆتكۈزۈۋەتتى. مەۋسۇملۇق ئىمتىھان ئېلىنغاندا قەيسەرجان ۋە باشقا بەش ئوقۇغۇچى سىنىپتا ئەلاچى بولدى. پەرھاتجان بولسا لاياقەتسىز ئوقۇغۇچى بولۇپ قالدى.

پەرھات شۇلارنى بىر قۇر ئويلاپ كۆرگەندىن كېيىن دۇدۇقلاپ تۇرۇپ ئېغىز ئاچتى:

— مېنىڭ بۇنداق دەرستە چېكىنىپ كېتىشىم، مەنمەنچىلىكتىن، قانائەتچانلىقتىن، مەغرۇرلۇقتىن بولدى. مەن چوقۇم بۇ ئىشتىن قاتتىق ساۋاق ئېلىپ، يىل ئاخىرىدا ئەلاچىلىق نامىنى قولغا كەلتۈرىمەن، — دېدى.

پەرھاتجاننىڭ قىزىرىپ كەتكەن يۈزى، تىترەپ تۇرغان لېۋى ۋەدىسىنى ئورۇندايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

— پەرھاتجان توغرا ئېيتتى، — دېدى مۇئەللىم، — بۇ بىر ئاچچىق ساۋاق، سىنىپىڭىزدىكى ھەممىڭلار ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار!

## مۇسابىقە

ئىككى كۈندىن بۇيان ئەڭ قىممەتلىك بىر نەرسەمنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك، ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنتنى تولىمۇ سىقىلىش، ئويلاش بىلەن ئۆتكۈزدۈم. كۆز ئالدىمدىن روشەنگۈل بىلەن ئايشەمگۈللەرنىڭ مۇكاپات ئېلىپ سەھنىدىن چۈشكىچە ماڭا «قانداق» دېگەندەك قاراشلىرىنى پەقەت نېرى كەتكۈزەلمىدىم. ھەي روشەن... ھەي ئايشەم!...

مەكتىپىمىزدە يېڭى ئوقۇش يىلى باشلىنىش بىلەن ئۆگىنىش ۋە باشقا پائالىيەتلەردە سىنىپلار ئارا مۇسابىقە باشلىنىپ كەتتى. مەن سىنىپىنىڭ ئۆگىنىش باشلىقى بولغاچقا سىنىپ كوللېكتىپىمىزنىڭ قوشنا سىنىپ كوللېكتىپىگە جاكارلىماقچى بولغان مۇسابىقە نامىنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن مەكتەپ رادىيو بۆلۈمىگە كىرگىنىمدە، 13 ياشلارغا كىرگەن بىر قىز ناھايىتىمۇ چىرايلىق قىلىپ خەت يېزىلغان بىر بەت قەغەزنى تۇتقان ھالدا مىكروفون ئالدىدا تۇرغانىكەن. قىز مېنى كۆرۈپ ئىللىققىنا كۈلۈپ قويدى ـ دە، يۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ مىكروفون ئالدىدىن نېرى كەتتى. مەن قىزنىڭ ھەرىكىتىدىن مىكروفوننىڭ ئوچۇق ئىكەنلىكىنى بىلدىم ـ دە، قولۇمدىكى مۇسابىقە نامىنى رادىيو باشقۇرغۇچىغا كۆرسەتتىم. رادىيو باشقۇرغۇچى بېشىنى لىڭشىتىپ ئوقۇشۇمغا رۇخسەت قىلدى. مەن مۇسابىقە نامىنى ئوقۇدۇم.

مەن سىنىپىمىزنىڭ مۇسابىقە نامىسىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھېلىقى قىز مىكروفون ئالدىغا كەلدى ـ دە:

ــ مەن 1 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى روشەنگۈل.

بىزنىڭ سىنىپ كوللېكتىپىمىز قوشنا سىنىپقا ۋە 2 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپقا مۇسابىقە ئېلان قىلدى. مەن ئۇنى تامامەن قوللايمەن. ھەم ئۆز نامىمدىن 2 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپنىڭ ئۆگىنىش باشلىقى، ئەلاچى ئوقۇغۇچى ئايشەمگۈلگە مۇسابىقە ئېلان قىلىمەن، — دېدى ۋە مۇسابىقە شەرتلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى.

روشەنگۈلنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ مېنى كۈلكە قىستىدى.

— نېمىگە كۈلىسىز؟ — دېدى روشەنگۈل ھەيرانلىق بىلەن.

— سىزگە كۈلۈۋاتىمەن، — دېدىم كۆڭلۈمدىكىنى يوشۇرماي.

— ماڭا نېمىشقا كۈلىسىز؟

— سىزنىڭ بىر ئەلاچى ئوقۇغۇچىغا مۇسابىقە ئېلان قىلىۋاتقىنىڭىزغا كۈلۈۋاتىمەن.

— سىزچە ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارغا مۇسابىقە ئېلان قىلسا، ئۇلار بىلەن دوستانە رىقابەتلەشىسە بولمايدىكەن ـ دە؟ — دېدى روشەنگۈل چاقماقتەك سۆزلەپ، — ھازىر دېگەن رىقابەت دەۋرى، رىقابەت بولمىسا ئالغا باسقىلى بولمايدۇ.

— مۇسابىقىلەشسىڭىز بولىدۇ. ئەمما، يېڭىلىسىز ـ دە، ئايشەمگۈل دېگەن بوشاڭ قىز ئەمەس، — دېدىم مەن.

— يېڭىۋالسامچۇ؟ — دېدى روشەنگۈل قەتئىيلىك بىلەن.

مەن روشەنگۈلنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەستىنلا رادىيو بۆلۈمىدىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ماڭدىم. شۇ چاغدا ئۇ:

— سىزمۇ يۇقىرى يىللىقنىڭ ئەلاچى ئوقۇغۇچىسى. قوبۇل كۆرسىڭىز سىزگىمۇ مۇسابىقە ئېلان قىلىمەن، — دېدى.

— ماڭىمۇ؟ — دېدىم رادىيو بۆلۈمىنىڭ ئىشىك بوسۇغىسىدا توختاپ، — مۇسابىقىڭىزنى قوبۇل قىلىمەن.

كۈنلەر ئۆتتى. بىر كۈنى ۋاسكېتبول مەيدانىدا روشەنگۈل بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. روشەنگۈل تېكىست يادلاۋاتاتتى...

— ھە روشەنگۈل، كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ كەتتىڭىزغۇ؟ — دېدىم مەن.

— نېمە؟ سىز دەك يۇقىرى يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسىغا مۇ-سابىقە ئېلان قىلىپ قويۇپ لاغايلاپ يۈرسەم بولمايدۇ - دە، — دې-دى ئۇ كۈلۈپ.

مەن تۇرۇپ قالدىم. روشەنگۇلنىڭ ھېلىقى كۈندىكى «سىزگە-مۇ مۇسابىقە ئېلان قىلىمەن» دېگەن گېپىنى ئۇنتۇپ كەتكەن ئىد-كەنمەن.

— شۇ گېپىڭىز راستكەن - دە، — دېدىم خىجىل بولغان ھالدا.

— سىز مېنى يالغان سۆزلىدى دەپ ئويلاپ قالغانمۇ؟ — دېدى ئۇ كۆزلىرىمنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ.

— بولىدۇ. سىز شۇنداق دېگەنىكەنسىز مۇسابىقىڭىزنى قوبۇل قىلدىم. بىراق ئۆگىنىش قىلىمەن دەپ بەك چارچاپ كەتمەڭ. سىز تېخى كىچىك. سالامەتلىكىڭىزمۇ مۇھىم، — دېدىم مەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ھەر ئىككىلىمىز ئۆز ئىشلىرىمىز بىلەن بولۇپ كەتتۇق. بىزگىمۇ ئۆزىمىزگە لايىق 3 - يىللىقنىڭ دەرسى ئۆتۈلدى. روشەنگۇلگىمۇ ئۆزلىرىگە لايىق 1 - يىللىقنىڭ دەرسى ئۆتۈلدى.

مەۋسۇم ئاخىرلىشاي دەپ قالدى. مەن ھەر دائىم قىيىن مەسى-لىلەرگە دۇچ كەلگىنىمدە روشەنگۇلنى ئەسلەپ قالاتتىم. ئۇ قىز بۇنداق قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە قانداق قىلىشنى بىلد-مەي، ئايشەمگۇلگە ۋە ماڭا مۇسابىقە ئېلان قىلىپ، رىقابەتلىشىپ ئۆگىنىمەن دېگىنىگە تازا تويغاندۇ، بەلكىم مۇسابىقە ئېلان قىلغى-نىنى ئۇنتۇلۇپمۇ قالغاندۇ؟ ۋەدە بەرمەك ئاسان. ئۇنى ئەمەلدە كۆرسەتمەك تەس، دەپ ئويلاپ قالاتتىم.

مەۋسۇملۇق ئىمتىھان ئاخىرلاشتى. تەتىل قويۇپ بېرىش ئال-دىدا مەكتەپ چوڭ يىغىن ئېچىپ ئەلاچىلارنى مۇكاپاتلىدى. «كۆز-گە ئىلىنغان يۇتاق باشقا چوماق» دېگەندەك روشەنگۇلنىڭ ھەرقاي-سى پەنلەردىن ئالغان نومۇرلىرى ئايشەمگۇلدىنمۇ يۇقىرىراق بو-

لۇپ، مەكتەپ تەسىس قىلغان بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپات ۋە ئو-قۇش ياردەم پۇلىغا ئېرىشكەنىدى. مەن خېلى تىرىشقان بولساممۇ بۇ مەۋسۇمدا ئەلاچىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالالمىغانىدىم.

مەن قىزىل بايراقلار بىلەن زىننەتلەنگەن يىغىن سەھنىسىدە مەيدىسىگە شەرەپ گۈلى تاقىغان روشەنگۇل بىلەن ئايشەمگۈلگە قاراشتىن ئۆيۈلۈپ يەرگە قارىۋالدىم. زالدا چېلىنىۋاتقان قىزغىن چاۋاك ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرمەي ئۆزۈمنىڭ ئورنىغا كىمدۇر بىرسى-نىڭ «ھەي، سەن ئاشۇ كىچىك قىزلارچىلىكمۇ بولالمىدىڭمۇ؟ سەن ئۇلارنى كىچىك دەپ قارىمىغان بولساڭ، ئۆزۈڭدىن مەغرۇرلانمىغان بولساڭ، سەنمۇ شۇ تاپتا ئۇلار بىلەن بىللە شەرەپ سەھنىسىدە بولغان بولاتتىڭ» دېگەن ئاۋازى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلايتتى.

# دام ـ دام

ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكومغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتۈم. لېكىن بىرەر مەكتەپنىڭ چاقىرىق قەغىزىنى تاپشۇرۇۋالغۇچە بولغان ئىنتىزارلىقىم مېنى ھەر كۈنى دېگۈدەك ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىگە كىرىشكە، پايدىلىق خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ چىقىشقا مەجبۇر قىلاتتى.

بۈگۈنمۇ سەھەر ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئاندا ـ ساندا ناشتا قىلىپلا مائارىپ ئىدارىسىگە كىردىم. ئىمتىھاندىن ئۆتكەن ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىدارىدا ئىكەن. ئۇلارنىڭ بەزىسى قەۋەت خۇشال، بەزىسى بولسا مەيۇس كۆرۈنەتتى.

— تۇرسۇنجان، ساڭا مالىيە سودا مەكتىپىدىن چاقىرىق قەغىزى كەپتۇ، بىرگە ئوقۇيدىكەنمىز، — دېدى بىر ساۋاقدىشىم ماڭا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يۈرىكىم «جىغ» قىلىپ ئاغزىمغا قاپلاشقاندەك بولدى. نېمە دېگەن زور خۇشاللىق ـ ھە؟ كۈتكەن كۈنلەر ئاخىرى كەپتۇ.

مەن چاقىرىق قەغىزىنى ئېلىپ ئۆيۈمدىكىلەرگە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ماڭدىم. ئۆيگە چىققۇچە ئوقۇغان ۋاقىتلاردىكى ئىشلار بولۇپمۇ ئۇكام پەرھاتنىڭ «دام ـ دام» دېگەن سۆزى ئېسىمگە كېلىپ كۈلۈپ تاشلىدىم.

سىلەرگە ئېيتسام، ئىنىم پەرھاتجان بۇ يىل 13 ياشقا كىردى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1 ـ يىللىقىدا ئوقۇيدۇ. ئۇ ھازىر كىچىك بولسىمۇ، مېنىڭ نەزىرىمدە كىچىك بالا ئەمەس. ئۇنىڭ «دام ـ دام» دەيدىغان سۆزى مېنى ئۆگىنىشكە ئۈندەپ ئاخىرى نەتىجىگە ئېرىشتۈردى. مەنمۇ قولۇمدىكى بۇ چاقىرىق قەغىزىنى

پەرھاتجانغا «دام ـ دام» قىلىپ بىر كۆرسىتەي قېنى؟

مەن 2 ـ سىنىپتا ئوقۇيدىغان ۋاقتىمدا پەرھاتجان ماڭا ئەگىشىپ مەكتەپكە بېرىپ ـ كېلىپ يۈرۈپ ئوقۇشقا بەكلا قىزىقىپ قالدى ـ دە، ئوقۇش يېشىدىن بىر يىل بۇرۇنلا بىرىنچى سىنىپقا قوبۇل قىلىندى. ئۇ كىچىك بولسىمۇ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى مېنىڭكىدىن يۇقىرى ئىدى. كۈندە ئۆتۈلگەن 2 ~ 3 ھەرپنى شۇ كۈنىلا چىرايلىق قىلىپ يازالايدىغان، ئوقۇيالايدىغان بولاتتى.

پەرھاتجان بىرىنچى ئوقۇش يىلىدىلا سىنىپتا ئەلاچى بولۇپ، بەش دەپتەر، ئىككى قېرىنداش قەلەم مۇكاپات ئالدى. مەن ئۇ مۇكاپات ئالغان كۈنى ئاخشىمى:

— ئۇكام، دەپتىرىڭدىن ئىككىنى، قەلىمىڭدىن بىرنى ماڭا بەرگىن، — دېدىم.

پەرھاتجان بەرگىلى ئۇنىمىدى. مەن ئاكىسى بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنىڭغا زورلۇق قىلىشقا باشلىدىم. دادام بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ مېنى ئەيىبلىدى.

— سەن پەرھاتجاننىڭ ئاكىسى تۇرۇقلۇق ياخشى ئوقۇپ مۇكاپات ئالالماي ئۇكاڭنىڭكىنى تالىشامسەن؟ ئىزا تارت! — دېدى.

مەن گەپ قىلالماي قالدىم. دادام پەرھاتجاننى، مۇكاپات ئالغان دەپتەر ـ قەلەملىرىنى ماڭا «دام ـ دام» قىلىپ مېنى ئىزا تارتقۇزۇشقا بۇيرۇدى. دادامنىڭ بۇ گېپى پەرھاتجانغا بولۇپ بەردى. ئۇ:

— ئاكا، دام ـ دام، مېنىڭكىدەك دەپتىرىڭ بارمۇ؟ مۇكاپات ئالالىدىڭمۇ؟ مەكتەپكە بارساڭ ئوينايسەن، بالىلار بىلەن ئۇرۇشىسەن، سىنىپقا مۇشۇك، كۈچۈكلەرنى ئەكىرىپ مۇئەللىمنى رەنجىتىسەن، ياخشى ئوقۇغان بولساڭ ماڭا ئوخشاش مۇكاپات ئالالايتىڭ. قارا، دام ـ دام، دام ـ دام، — دەپ مېنىڭ چىشىمغا تېگىشكە باشلىدى. ئۇ ھەر قېتىم «دام ـ دام» دېگەندە بەكمۇ خىجىل بولاتتىم. يۈزۈم خۇددى چۈمۈلە ماڭغاندەك چىمىلدايتتى.

ئىككىنچى يىلى مەن كەپسىزلىك ۋە ئويۇننى تاشلاپ پۈتۈن ئوي ـ خىيالىمنى ئۆگىنىشكە مەركەزلەشتۈردۈم. لېكىن ئاساسىم ئاجىز

بولغاچقا قانچە تىرىشساممۇ يەنىلا ئەلاچى بولالمىدىم. پەرھات يەنە ئەلاچى بولۇپ «دام ـ دام» غا چۈشتى. ساۋاقداشلىرىمدىنمۇ ئىزا تارتىشقا باشلىدىم. بىر كۈنى مۇئەللىم:

ــ تۇرسۇنجان، نېمىشقا ئۆكتىڭىزچىلىك بولالمايسىز؟ ــ دې- ۋىدى، ئىزا تارتقىنىمدىن بېشىمنى پارتىغا قويۇپ ئولتۇرۇۋالدىم. مەندە نېمە ئامال؟ شۇنچە تىرىشساممۇ ئەلاچى بولالمايدىكەنمەن.

مەن شۇنىڭدىن كېيىن بەل قويۇۋېتىپ بوشىشىشقا باشلىدىم. باشلانغۇچ مەكتەپمۇ مىڭ تەسلىكتە پۈتتى. ئوتتۇرا مەكتەپكە بار- دىم. دادام مېنى ئۆزى مەكتەپكە ئېلىپ بېرىپ مۇئەللىمگە:

ــ بۇ بالام كەپسىزرەك، ئويۇنغا ئامراق. شۇ سەۋەبتىن ئۆگە- نىش نەتىجىسى ياخشى ئەمەس، شۇڭا سىلىگە دەيدىغىنىم چىڭ تۇتۇپ، تەلەپنى قاتتىق قويۇپ ئوقۇتسىلا، مەكتەپكە تولۇق ئەۋەتىشكە، دەپتەر ـ قەلەملىرىنى تولۇق ئېلىپ بېرىشكە مەن مەسئۇل، ــ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇش ھاياتىمنى باشلى- ۋەتتىم. كۈندۈزى بىر كۈن بولسىمۇ پەرھاتتىن نېرى بولدۇم. «ئۆكتىڭىزچىلىك بولالمايسىز» دەيدىغان گەپلەرنى ئاڭلىمايدىغان بولدۇم. لېكىن ئاخشىمى ئۆيدە يەنىلا ئۇ گەپتىن قۇتۇلالمىدىم.

ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر يىل توشۇپ پەرھاتجانمۇ ئوتتۇرا مەكتەپكە كەلدى. مېنىڭ بېشىمغا يەنە غەم چۈشتى. پەرھات يەنە ئەلاچى بولسا، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى مۇئەللىممۇ «ئۆكتىڭىزچىلىك بولالمىدىڭىزمۇ؟» دەيدۇ. مەن يەنە ئىزا تارتىمەن.

راست دېگەندەك پەرھات ئوتتۇرا مەكتەپكە كېلىپ بىرىنچى ئو- قۇش يىلىلا ئەلاچى بولۇپ، مۇكاپات ئېلىپ مېنى ئوبدانلا ئىزاغا قويدى. بۇ دەل مېنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ 2 ـ يىللىقىنى تۈ- گەتكەن ۋاقتىم ئىدى. دادام يەنە ئۆيدە پەرھاتنى دام ـ دام دېگۈ- زۈشكە باشلىدى. مەن ئاخىرى چىداپ تۇرالمىدىم ـ دە، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئۆگىنىشكە كىرىشتىم. «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە» دېگەندەك كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغان دەرس-

لىرىم مېڭەمدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى. ئويۇنلارنىمۇ تاشلىدىم. ئۆگىنىش قىلىشقىمۇ كەڭرى ۋاقىت چىقتى. تاپشۇرۇقلارنىمۇ مۇستەقىل ئىشلەيدىغان بولدۇم. مۇئەللىم، ساۋاقداشلىرىم ۋە دادامنىڭ ئۆگىنىش روھىمغا ئىلھام بەردى. بەزى دەرس تەكرارلاش ۋاقىتلىرىدا سىنىپتا «كىچىك مۇئەللىم» مۇ بولۇپ قالدىم. شۇنداق تىرىشچانلىق نەتىجىسىدە يىللىق ئىمتىھاندا ئەلاچى بولۇپ مۇكاپات ئالدىم. پەرھاتمۇ مۇكاپات ئالدى. مەكتەپ بىزگە «ئاكا ـ ئۇكا ئەلاچىلار» دەپ نام بەردى. ئاخشىمى ئۆيگە كەلگەندە پەرـ ھاتجان بىلەن ئىككىمىز ئالغان مۇكاپاتلىرىمىزنى دادامغا كۆرـ سەتتۇق. دادام خۇشال بولۇپ:

ــ تۇرسۇنجان، بۇ سېنىڭ مەكتەپتە ئوقۇپ بىرىنچى قېتىم مۇكاپات ئېلىشىڭ. ئۇكاڭنىڭ بولسا 14 ـ قېتىم مۇكاپات ئېلىشـ شى. يەنىلا ئۇكاڭ ياخشى. سەن ئوغۇل بالا بولغاندىكىن يېقىندا ئېـ لىنىدىغان تېخنىكوم ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ ئۆتۈپ، بىرەر مەكـ تەپنىڭ چاقىرىق قەغىزىنى ئېلىپ چىقىپ ئۇكاڭغا «دام ـ دام» قىلىپ كۆرسىتەلىسەڭ ھېساب، ــ دېدى.

تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدىغان ئىمتىـ ھاننىڭ ۋاقتىمۇ يېقىنلىشىپ قالغانىدى. مەن بىر مىنۇت ۋاقتـ نىمۇ قولدىن بەرمەي ياخشى ئۆگەندىم. ئىمتىھاننىمۇ ياخشى بېرىپ ئۆتتۇم. مانا، مالىيە سودا مەكتىپىنىڭ چاقىرىق قەغىزىنىمۇ قوـ لۇمغا ئالدىم.

مەن شۇ خىياللار بىلەن ئۆيگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىمنىمۇ سەزمەي قاپتىمەن. ئۆيدە پەرھاتجان پۈتۈن زېھنى بىلەن تەتىللىك تاپشۇرۇقىنى ئىشلەۋاتقانىكەن. مەن، پەرھاتجاننىڭ ھېلىقى «دام ـ دام» سۆزى مېنىڭ ئۆگىنىشىمگە غايەت زور تۈرتكە بولغىنىغا ئوخشاش، پەرھاتجاننىڭمۇ كېلەر يىلى دۆلەتلىك ئىمتىھاندىن ئۆـ تۈشىگە تۈرتكە بولسۇن ئۈچۈن قولۇمدىكى چاقىرىق قەغىزىنى ئۇـ نىڭ كۆزىگە تەڭلەپ تۇرۇپ:

ــ پەرھاتجان قارا، دام ـ دام! ــ دېدىم.

# بوۋاينىڭ كۆڭلى

— دادا، بىر يەرگە بارمايدىغانسەن؟
— ياق، بارمايمەن. قانداق دەيسەن بالام؟
— شەھەرگە كىرىپ بىر نەرسە سېتىۋېلىپ چىقماقچى ئىدىم.
— نېمە سېتىۋالىتتىڭ؟
— ئەترىتىمىزدىكى پىيونېرلار يىغىش قىلغان 30 يۈەنگە مەھەللىدىكى ئىككى ئىگە - چاقىسى يوق نامرات ئائىلىگە بىردىن چايدان، سوپۇن، گۆگۈت دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقماقچى بولغانىدىم.
— پىيونېرلار ئەترىتىڭلار مۇشۇ كۈنلەردە خېلى ياخشى پائالىيەتلەرنى قىلىۋاتىسىلەر جۇمۇ، پۇلۇڭلار يەتمىسە مەن بېرەي بالام.
— پۇلىمىز يېتىدۇ.
— تېزراق چىق ئەمىسە، چوڭ ئاناڭنى كۆرگىلى بارىمىز.
— ماقۇل دادا.
ئابدۇغېنى تال بارىڭى ئاستىغا دەسسىتىپ قويۇلغان ۋېلىسىپىتنى يېتىلىدى - دە، چاي ئىچىپ ئولتۇرغان دادىسىغا قاراپ قويۇپ هويلىدىن چىقىپ كەتتى.
نامان ئاكا ئوغلى ئابدۇغېنىنىڭ يېقىندىن بۇيان قانداق ئىش قىلسا دەپ قويۇپ قىلىدىغان، بىر يەرگە بارسا سوراپ بارىدىغان، چىرايلىق سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغىنىغا مەستلىكى كېلىپ يۈرگەن بۇ كۈنلەردە ئوغلىنىڭ يەنە «بۈگۈن دەم ئېلىش كۈنى، شەھەرگە كىرىپ ئويناپ چىقىمەن» دېمەي، ئەتە ئېلىپ بارماقچى بولغان ئىگە - چاقىسىز نامراتلاردىن هال سوراش پائالىيىتىگە نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىپ تەييارلىق قىلىشى نامان ئاكىنى ناهايىتىمۇ

خوش قىلىۋەتتى.

ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ يولغا چىققان ئابدۇغېنى خۇددى يوگىنى ئوزۇپ قاچقان تايدەك ۋېلىسىپىتنىڭ رام ئارقىدىن پۇتىنى ئېلىپ ئالتە كىلومېتىرلىق يىراقتىكى شەھەرگە قاراپ مېڭىپ كەتتى. سەھەرنىڭ سالقىن شاملى ئۇنىڭ بويىندىكى قىزىل گالستۇكىنىڭ ئۇچىنى يەلپۈتۈپ، ئالمىدەك مەڭزىنى سۆيۈپ ئۆتەتتى. ئابدۇغېنىنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇنىڭ كىچىك ئەترىتىدىكى قىز - ئوغۇللارغا ئىگە - چاقىسىز، قېرى - ئاجىزلارنىڭ رەھمەت ئېيتىۋاتقان، پىيونېرلارنىڭ تالىشىپ يۈرۈپ ئۇلارنىڭ هويلىسىنى سۈپۈرۈپ، سۇ چېچىۋاتقان، كىرلەرنى يۇيۇۋاتقان، ئىدىشلارنى سۇ بىلەن تولدۇرۇۋاتقان كۆرۈنۈشلەر نامايان بولۇشقا باشلىدى. ئابدۇغېنى هاياجانلانغانسېرى ۋېلىسىپىتنىڭ پىدالىنى تېخىمۇ كۈچەپ تېپەتتى.

ئابدۇغېنى يېرىم سائەتتىن كېيىن شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى سايغا كەلگەندە ئېشەك هارۋىسى كۆمتۈرۈلۈپ كېتىپ، بازارغا ئېلىپ ماڭغان ئۆرۈكلىرى چېچىلىپ كەتكەن بىر بوۋاينى كۆردى - دە، ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ سورىدى:

— بوۋا، مەن ياردەملەشكۈدەك ئىش بارمۇ؟

— ئىشقۇ بار بالام. شەهەرگە چىققان ئوخشايسەن. يولدىن قالمىغىن، — دېدى.

ئابدۇغېنى چېچىلىپ كەتكەن ئۆرۈكلەرگە بىر خىل ئېچىنىش نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى - دە، يەنە سورىدى:

— بوۋا، ئۆرۈكلەرنى ساتقىلى ئەكىرەمتىڭىز؟

— شۇنداق بالام. كەنتنىڭ ئۆرۈكلۈك بېغىنى هۆددە ئالغان ئىدىم. «بالدۇر پىشتى»نىڭ تۆت تۈپى پىشقانىدى. سېتىپ چىقاي دەپ سەهەرلەپ يولغا چىقسام، يولدا بۇ كېلىشمەسلىك...

ئابدۇغېنى قىزغىنلىق بىلەن بوۋايغا ياردەملىشىپ، هارۋىدىن ئۆرۈك قاچىلانغان سېۋەتلەرنى چۈشۈرۈپ، هارۋىنى يۆلىدى. ئىش

تېخىمۇ چاتاق ئىدى. ھارۋىنىڭ يېقىلغان تەرەپتىكى چاقىنىڭ بەن-دىشى سۇنۇپ، سىملىرى پۈتۈنلەي ئۆزۈلۈپ كەتكەنىدى. بۇنى كۆ-رۈپ بوۋاينىڭ بېشى تېخىمۇ قاتتى. ئابدۇغېنى بىر دەم ئويلانغان-دىن كېيىن سورىدى:

— بوۋا، ئۆيلىرى قەيەردە؟

— سايباغدا بالام.

— ئۆيلىرىدە زاپاس چاق بارمۇ؟

— يوق ئىدى بالام.

ئابدۇغېنىنىڭ، بوۋاينىڭ ئۆيىدە زاپاس چاق بولسا ئەكېلىپ سېلىپ بېرەي دېگەن ئويىمۇ يوق بولۇپ چىقتى.

— بوۋا، بازاردىن چاق سېتىۋېلىپ چىقساق قانداق بولار؟ — سورىدى ئابدۇغېنى.

— شۇنداق قىلساققۇ ئوبدان بولاتتى، بالام. شەھەر ئۇزاق تۇر-سا، — دېدى بوۋاي.

— مەن سىلىگە چاق ئېلىپ چىقىپ بېرەي، ۋېلىسىپىت بىلەن بىر دەمدە كىرىپ چىقىمەن.

— ماقۇل بالام، ماقۇل، — بوۋاي بۇ كېلىشمەسلىكتىن تېزراق قۇتۇلۇش ئۈچۈن 100 يۈەننى ئابدۇغېنىغا تۇتقۇزۇپ شەھەرگە يول-غا سالدى.

ئابدۇغېنى بازارغا كىرگەندىن كېيىن ئاۋۋال بوۋاينىڭ ھارۋى-سىغا بەنداش، سىم سېتىۋېلىپ توقۇتتى. ئاندىن ئۆزى ئالىدىغان نەرسىلەرنى سېتىۋالدى. بوۋاي ئابدۇغېنى شەھەرگە كىرىپ كەت-كەندىن كېيىن بىردىنلا كۆڭلىگە گۇمان چۈشۈپ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى.

— مەن، — دەيتتى بوۋاي، — ئۇ بالىنىڭ ئىسمىنى، ئۆيىنى، كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى بىلمىسەم، 100 يۈەن پۇلنى ئېلىپ قېچىپ كەتسە نېمە دېگۈلۈك؟ ھەي! ... خۇدا كۆڭلىگە ئىنساب بې-رەرا!...

بوۋاي شۇ خىياللار بىلەن ئىككى سائەت ساقلىدى. ئابدۇغېنى چىقمىدى. بوۋاينىڭ گۇمانى تېخىمۇ كۈچەيدى. شۇ چاغدا 5 ~ 6 بالا ئۇلاغ باققىلى سازلىققا كېلىپ قالدى. ئۇلاردىن بىرى:

— بوۋا، تۇرۇپ قاپتىلىغۇ؟ هارۋا بىر نەرسە بولغان ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە بالام. ھارۋا كاتاڭدا ئۆرۈلۈپ كېتىپ بەندىشى سۇنۇپ كەتتى، سىملىرىمۇ ئۈزۈلدى، — دېدى بوۋاي بالىغا جاۋاب بەرگەچ شەھەر تەرەپكە بويۇنلىرىنى سوزۇپ ئىنتىزارلىق بىلەن قاراپ.

يولدا بازارغا كىرىپ كېتىۋاتقان ئادەملەردىن باشقا بازاردىن چىقىۋاتقان ئادەم كۆرۈنمەيتتى. بوۋاي بولغان ئىشلارنى ۋە كۆزلىرى چوڭ، يۈزى يۇمىلاق، ئېڭىكىدە مەڭ بار بىر بالىنىڭ 100 يۈەننى ئېلىپ شەھەرگە كىرىپ كەتكىنىگىمۇ خېلى ۋاقىتلارنىڭ بولۇپ قالغىنىنى، پۇلنى ئېلىپ قېچىپ كەتتىمىكىن دەپ ئويلاپ تىت - تىت بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بالىلار بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئابدۇغېنىنى ئەسكە ئېلىشتى - دە:

— بوۋا، خاتىرجەم بولسىلا، سىلە پۇل بەرگەن بالا بىزنىڭ ساۋاقدىشىمىز. پىيونېرلار ئەترىتىمىزنىڭ باشلىقى. ئىسمى ئابدۇغېنى. ئۇ پۇللىرىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىدىغان بالا ئەمەس، — دەپ بوۋاينى خاتىرجەم قىلىشتى.

— ئابدۇغېنى چىقتى، — دېدى يول تەرەپكە قاراپ تۇرغان بىر بالا. ھەممەيلەن يول تەرەپكە قاراشتى. ئابدۇغېنى بىر تال چېچىدىن مىڭ تال تەر تامچىلىغان ھالدا يېتىپ كېلىپ ۋېلىسىپىتتىن چۈشتى. ئۇنىڭ ئاق كۆينىكىنىڭ دۈمبىسى تەردىن ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاغزىنى چوڭ ئېچىپ، كۆكرىكىنى چىڭ بېسىپ بىردەم نەپەسلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن دېدى:

— سىلىنى ساقلىتىپ قويدۇم بوۋا. بازاردا بەنداشقا سىم تۇقۇتمەن دەپ ھايال بولۇپ قالدىم. يولدا ئادەم كۆپكەن، ۋېلىسىپىتنى تېز ھەيدىيەلمەي قالدىم.

— ھېچقىسى يوق بالام، — دېدى بوۋاي بېلىدىكى بەلبېغىنىڭ ئۇچى بىلەن ئابدۇغېنىنىڭ يۈز - كۆزلىرىدىكى تەرنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

بوۋاينىڭ چىرايىدىكى پەرىشانلىق، گۇمان ئالامەتلىرى يوقاپ، ئۇنىڭ ئورنىنى شادلىق، سۆيۈنۈش ئالامەتلىرى قاپلىدى. ئابدۇغېنىنى بوۋاينىڭ ئاشقان پۇلىنى قايتۇرۇپ بەرگىنىدە، بوۋاي تېخىمۇ خۇش بولۇپ كەتتى. بىر بالا ئابدۇغېنىنىڭ ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ بېرىپ ئۆيىدىن ئامبۇر، كۈلۈچلارنى ئېلىپ كەلدى. بالىلار قولمۇ قول تۇتۇش قىلىپ بوۋاينىڭ ھارۋىسىنى رېمونت قىلىپ پۈتتۈرۈپ، ئېشەكنى ھارۋىغا قوشۇپ، سېۋەتلەردىكى ئۆرۈكلەرنى ھارۋىغا ئېلىپ بەردى. بالىلارنىڭ بۇ ئىشىغا مەستلىكى كېلىپ تەسىرلەنگەن بوۋاي:

— سىلەر ناھايىتى ياخشى بالىلار ئىكەنسىلەر، مېنىڭ غېمىمنى يېدىڭلار، مېنىڭ جاپايىمنى تارتتىڭلار، مېنى بىر ئوبدان بوۋا دەپ ھۆرمىتىمنى قىلدىڭلار، سىلەر ئۆز بۇرچۇڭلارنى ئادا قىلدىڭلار. كىچىكلەرنى ئىززەتلەش بىزنىڭمۇ بۇرچىمىز. بۇ بىر سېۋەت ئۆرۈك مېنىڭ كۆڭلۈم. ياق دېسەڭلار رەنجىپ قالىمەن. ھاردۇقىڭلارنى ئالغاچ ئۆرۈك يەڭلار، بالىلىرىم.

بوۋاي، بالىلارنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي بىر سېۋەت ئۆرۈكنى بالىلارغا بېرىپ، قالغان ئۆرۈكلىرىنى سېتىپ چىقىش ئۈچۈن شەھەرگە قاراپ ماڭدى.

# مۇئەللىم، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ!

دەرستىن چۈشۈپ ئىشخانىغا كىرىپ تۇرۇشۇمغا، مەكتەپكە كەلگەن خەت - چەك، گېزىت - ژۇرناللارنى تارقىتىپ بېرىدىغان خادىم ئىز بېسىپلا ئىشخانىغا كىردى - دە:

— مۇئەللىم، سىلىنىڭ خەتلىرى، — دەپ ماڭا بىر پارچە خەتنى بەردى.

— كىمدىن كەلگەن خەتكىنە؟ — مەن كونۋېرتنىڭ ئۈستىگە يېزىلغان خەتلەرنى ئوقۇدۇم. خەت ھەقىقەتەن ماڭا يېزىلغانىكەن. بىراق خەتنى ئەۋەتكۈچى ئىسمىنى يازماپتۇ. مەن كونۋېرتنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ خەتنى ئوقۇشقا باشلىدىم.

«سالام قەدىرلىك مۇئەللىم، مېھرىبان ئۇستازىم، سالامەتمۇسىز؟ مەن سىزنىڭ ئوقۇغۇچىڭىز مۇھەممەت ئەلى. مۇئەللىم، مەن سىزدىن ئۆتۈنەي، مېنى تېزراق قۇتقۇزۇۋېلىڭ!

مۇئەللىم، سىز مېنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ يېقىن كىشىمسىز، قەلبىم سىزنىڭ مېنى قۇتقۇزۇۋالىدىغانلىقىڭىزغا گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرىدۇ. مۇئەللىم، مەن ھازىر مازارلىق يېزىسىدىكى ياسىن قارى دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىدە. مەن نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىپ قالغىنىمنى سىزگە سۆزلەپ بېرەي.

تەتىل قويۇپ بېرىلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى سەھەردە دادام:

— ئوغلۇم، مازارلىق يېزىسىدا بىر تاغاڭ بار، يوقلاپ كېلەيلى، ھارۋىنى قاتقىن، — دېدى.

مەن ئۇيقۇدىن كۆزۈمنى تەستە ئېچىپ مازارلىق يېزىسىغا بېرىش ئۈچۈن ئېشەك ھارۋىسىنى قاتتىم. بىز شۇ سەھەردىلا بىر تاغار بۇغداينى ھارۋىغا بېسىپ، يۆگىمە مۆڭگۈزلۈك قارا قوچقارنى

ھارۋىنىڭ ئارقىسىغا باغلاپ مازارلىق يېزىسىغا قاراپ ماڭدۇق. كۆڭلۈمدە: «تۇغۇلۇپ 14 ياشقا كىرگىچە كۆرمىگەن قانداق تاغامدۇ ئۇ؟ بۇغداي بىلەن قوچقارنى نېمىشقا ئېلىپ بارىدىغاندىمىز؟» دەپ ئويلىسامму، ئەمما ئاشۇ كۆرمىگەن تاغامنى كۆرۈش مېنى خېلى خۇشال قىلىپ قويدى. بىز نامازشام بىلەن مازارلىق يېزىسىغا يېتىپ كېلىپ، كىشىلەردىن سوراپ يۈرۈپ ياسىن قارىم دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىنى تېپىپ كىردۇق.

— خوش، ئۆزلىرىنى قايسى يۇرتتىن سورايمىز؟ — دېدى ياسىن قارىم ھويلىدا دادام بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ.

— چىلانلىق يېزىسىدىن بولىمەن تەقسىر، ئۆزلىرىنىڭ نام - شەرپلىرى ھەرقاچان دىلىمدا. پېقىرنىڭ بۇ ئوغلىغا مۇسۇلماندار - چىلىقنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆگىتىپ، ئاغزىغا ئىلىم سېلىپ قويار - مىكىن دەپ كېلىشىم ئىدى، — دېدى دادام ياسىن قارىغا بېشى يەرگە تەگكىچە ئېگىلىپ سالام قىلىپ.

دادامنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم «جىغ» قىلىپ قالدى. ياسىن قارىم ھارۋىنىڭ كەينىگە باغلاپ قويغان قوچقارغا، ھارۋا ئۈستىدىكى تاغارغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— ئوبدان ئويلاپلا. ئىككى دۇنيالىق ساۋاب ئاپتىلا. قېنى ئۆيگە كىرەيلى، — دېدى بىزنى ئۆيگە باشلاپ.

مۇئەللىم، مەن شۇ كېچىسى كۆز يۇمماي چىقتىم. دادام سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ مېنىڭ يىغلاپ، يالۋۇرۇشۇمغا قارىماي يۇرتقا قايتىپ كەتتى. مەن كەچ كىرگۈچە ھېچ نەرسە يېمەي يىغلاپلا ئولتۇردۇم.

مانا، بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىمغىمۇ ئىككى ئاي بولدى. مېنىڭ بولسا كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمىدى. قۇلىقىمدىن تىل - ھاقارەت، بېشىمدىن تاياق كەتمىدى. ئاھ مۇئەللىم، سىز بىزنى ئۇرمايتتىڭىز، تىللىمايتتىڭىز، ھەمىشە ئىللىق مۇئامىلە قىلاتتىڭىز. لېكىن بۇ يەردە... ھەي!

مەن دادام كەتكەن كۈنىنىڭ ئەتىسى ياسىن قارىمنىڭ قويلىرىنى بىر يىلدىن بۇيان بېقىپ كېلىۋاتقان پادىچى بالىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالدىم. ياسىن قارىم مېنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئوغلۇم، داداڭنىڭ تەرىپلەپ بېرىشىچە ئەقىللىك، ئەخلاق-لىق ياخشى بالا ئىكەنسەن. ئۆزۈڭگىمۇ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى قويۇلغانىكەن. ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»دە: «ئۇستاز رازى، خۇدا رازى» دېگەن گەپ بار. شۇڭا بۈگۈندىن باشلاپ مېنىڭ بۇيرۇقۇمدا بولىسەن، — دېدى - دە، خەتلىرى سۇۋاش بې-سىلغان بىر «ھەپتىيەك» نى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى. كېيىن «ھەپتىيەك» تىكى ئەرەب ئې-لىپبەسىنى بىر قېتىم ئوقۇپ بەردى. مەن، مانا شۇنىڭدىن باشلاپ خوراز چىللاش بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ياسىن قارىمنىڭ باشقا شاگىرتلىرىغا قوشۇلۇپ مەسچىتكە چىقىمەن. مەسچىتتىن كىرىپ بىر نانىنى بېلىمگە تۈگۈپ قوي - كالىلارنى ھەيدەپ ئوتلاققا ماڭىمەن. ئوتلاقتا بىر كۆزۈم قوي - كالىلاردا، بىر كۆزۈم ھېلىقى «ھەپتىيەك»تىكى «بە» «سە» «لام» «جىم» لاردا. بۇلارنى يادلايمەن. چۈشتە قوي - كالىلارنى ئېلىپ كېلىپ ئېغىلغا سولايمەن - دە، توپا يۇدۇپ ئەكىرىپ قوي - كالىلارنىڭ ئايىغىغا تۆكىمەن. پې-شىندە قوي - كالىلارنى ھەيدەپ يەنە ئوتلاققا ماڭىمەن. كەچقۇرۇن خۇپتەننى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ياسىن قارىم ئىنچىكە ئاۋازى بىلەن قىرائەتنى باشلايدۇ. مەن ھېچقانداق بىر نەرسە بىلمىسەممۇ ياسىن قارىمنىڭ باشقا شاگىرتلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىغا قۇلاق سالىمەن.

بىر كۈنى ياسىن قارىم قىرائەت قىلىۋاتقاندا ئىختىيارسىز ئاۋازىم تېشىمغا چىقىپ كەتتى. ياسىن قارىم:

— قايسىڭ؟ — دېدى - دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قولىدىكى ھا-سىسىنى ماڭا قارىتىپ ئاتتى. ھاسا ئۇدۇل كېلىپ ئاغزىمغا تېگىپ ئىككى چىشىمنى چۈشۈرۈۋەتتى. ياسىن قارىم:

— «ئۇستازى زالىم بولسا، شاگىرتى ئالىم بولىدۇ» دېگەن گەپ بار. مەندىن رەنجىمەڭلار. قىرائەت ۋاقتىدا غەيرى ئاۋاز چىقار-ساڭلار ئىماندىن ئاجرايسىلەر. دوزاخقا كىرىسىلەر. شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرمەڭلار، — دېدى قەھر بىلەن.

ئەتىسى مەن چىشىمنىڭ ئاغرىقىدا ھېچ نەرسە يېيەلمىدىم. كالپۇكۇمۇ يېرىلىپ كەتكەنىدى. شۇ كۈنى دادام ئېشەك ھارۋى-سىغا يەنە بىر تاغار بۇغداي، قوغۇن - تاۋۇز، ئالما - ئامۇتلارنى بېسىپ ياسىن قارىمنىڭ ئۆيىگە كەلدى. مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا «دەپتەر - قەلەم ئېلىپ بەر، كىتاب ئېلىپ بەر» دېسەم پۇل يوق دەپ قاتتىقلىق قىلىدىغان دادام دەسلەپتە بىر قوچقار، بىر تاغار بۇغداي، ياسىن قارىمغا تونلۇق رەخت ئېلىپ كەلدى. بۇ قېتىم يە-نە خېلى كۆپ نەرسىلەرنى ئېلىپ كەپتۇ.

مەن دادامنى بىر خالىي جايغا تارتىپ، پادىچى بولغىنىمنى ئېيتتىم ۋە يىغلاپ تۇرۇپ چۇشۇپ كەتكەن چىشىمنى كۆرسەتتىم. دادام:

— ياسىن قارىم ئەۋلىيا دەرىجىسىگە يەتكەن ئادەم. ئۇنىڭ ئۇستىگە سېنىڭ ئۇستازىڭ. شۇڭا جان دەپ خىزمىتىنى قىلىشىڭ كېرەك. ئۇ نېمە؟ بۇ نېمە؟ «يەر قۇياشنى ئايلىنىدۇ. ئايدىن نۇر چىقمايدۇ» دەپ كۇپۇرلۇق چىققان ئاغزىڭغا ئۇبدان بولۇپتۇ. ئۇس-تازىڭنىڭ قولى تەگكەن يەردىن قىزىل گۈل ئۇنۇپ چىقىدۇ، — دېدى ۋە قېچىپ كەتسەڭ پاچىقىڭنى چېقىۋېتىمەن دېگەننى قوشۇپ قويدى.

دادامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ پۈتۈن بەدىنىم مۇزلاپ كەتكەندەك بولدى. ئۆزۈمنىڭ دادىسىنىڭمۇ ماڭا ئىچى ئاغرىمىدى. ناچار ئۇ-زۇقلۇق، ئۇيقۇسىزلىق، ھارغىنلىق، ئېغىر ئىش - ئەمگەكتىن ئورۇقلاپ كەتكىنىمگە، تاياق تەگكەن يەردىن قىزىل گۈل ئەمەس قىپقىزىل قان چىققىنىغا رەھمى كەلمىگەن دادامدىن بۇگۈن ناھا-يىتىمۇ قاتتىق رەنجىدىم.

مۇئەللىم، دادامنىڭ ئېيتىشىچە سىز مېنى چاقىرغىلى بىر نەچچە قېتىم ئائىلىمىزگە بېرىپسىز. مەن بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇش بولدۇم. لېكىن دادام مازارلىق يېزىسىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ-تىن بىر تونۇشى ئارقىلىق مېنىڭ بۇ يەردە ئوقۇۋاتقانلىقىم توغ-رىسىدا يالغان ئىسپات خەتتىن بىرنى يازدۇرۇپ كېلىپ ئېلىپ كەتتى. دادام بۇ خەتنى بۇچاغقا سىزگە بېرىپ بولدى. بەلكىم سىز بۇ خەتكە ئىشىنىپ مېنى ئىزدەشنى توختاتقانسىز. شۇڭا مەن بۇ خەتنى يېزىپ ناھىيە بازىرىغا بارىدىغان بىر كىشىدىن پوچتىغا سېلىۋېتىشنى ئۆتۈندۇم.

مۇئەللىم، مەن ئوقۇيمەن. سىزدە ئوقۇيمەن. مەن سىزنى، مەك-تىپىمنى، ساۋاقداشلىرىمنى بەكمۇ سېغىندىم. مۇئەللىم، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ. مەندەك بىر ئوقۇغۇچىڭىزنى، ئىلىم - پەن بۇلى-قىدىن ئايرىلىپ، خۇراپاتلىقنىڭ قارمىقىغا ئىلىنىپ قالغان بېلى-جىنىڭىزنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ. مۇئەللىم، تېزراق بولۇڭ. مەكتەپتە دەرس باشلانغىلى ئىككى ھەپتە بولدى ھەقىچان، دەرستە كېيىن قالسام يىل ئاخىرىدا «ئەلاچى»لىق نامىمغا داغ چۈشۈپ قالىدۇ.

سىزنى سېغىنىپ ۋە سىزگە ئىشىنىپ ئوقۇغۇچىڭىز:

مۇھەممەت ئەلى

1998 - يىلى 15 - سېنتەبىر

مۇھەممەت ئەلىنىڭ خېتىنى ئوقۇپ بولۇپ قەلبىم قاتتىق ئازابلاندى. خەتنى ئېلىپ يېزىلىق ساقچىخانىغا قاراپ ماڭدىم. ئى-چىمدە: «خاتىرجەم بول مۇھەممەت ئەلى. مەن سېنى قۇتقۇزۇۋالاي-مەن، قانۇن سېنى، ساڭا ئوخشاشلارنى قۇتقۇزۇۋالايدۇ» دەيتتىم.

# ئۇچكە

— ئانا، — دېدى غۇنچەم ئانىسىنىڭ بىرمۇنچە سۆزلەشلىرىدىن كېيىن، — مەكتەپ پىيونېرلار چوڭ ئەترىتى بىزگە شاپتۇل ئۇچ-كىسى يىغىشنى ئۇقتۇرغان. مەن بۇ ئۇچكىلەرنى ئۆيدىكى يىغىپ قويغان ئۇچكىدىن ئالمىدىم.

— ئۆيدىن ئالمىساڭ نەدىن ئالدىڭ ئەمىسە؟

— ئاخشام يولدىن، مەھەللىدىن تەردىم.

— يالغان سۆزلىمە، چېقىپ ياغ تارتتۇرىمىز دەپ يىغىپ قوي-غان ئۇچكىدىن ئالدىڭ ھەقاچان؟

— سەن ئۆيدىكى ئۇچكىدىن ئالغىنىمنى كۆردۈڭمۇ ئەمىسە؟

غۇنچەمنىڭ ئانىسى گەپ قىلالماي قالدى. مەكتەپكە بارىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى. غۇنچەم سېخىيلىق بىلەن ئىللىق نۇرنى زېمىنغا چېچىپ، توختاۋسىز ئۆرلەۋاتقان قۇياشقا قارىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟

غۇنچەم سومكىسىدىكى ئۇچكىنى ئۆيدە قويۇپ بارسا، ئالدىنقى كۈنى مەكتەپ پىيونېرلار چوڭ ئەترىتى ئورۇنلاشتۇرغان ۋەزىپىنى ئورۇندىمىغان، پائالىيەتكە بىر كىشىلىك ھەسسە قوشالمىغان بولاتتى.

دەل شۇ پەيتتە غۇنچەمنىڭ بۆشوككە بۆلەكلىك ئۇكىسى ئويغ-غىنىپ يىغلاشقا باشلىدى.

— مانا، ئۇكاڭمۇ ئويغاندى. ساڭا چاي بېرىپ مەكتەپكە يولغا سالىمەن دەپ ئۇلاغلارغىمۇ بىرنەرسە بېرەلمىدىم، — دېدى غۇن-چەمنىڭ ئانىسى ئۆيگە قاراپ مېڭىۋېتىپ، — سەن مەكتەپكە كەت-سەڭ، داداڭ سۇ قۇرۇلۇشىدىن كەلمىسە...

غۇنچەمنىڭ ئانىسى ئۆي ئىچىگە كىرىپ كەتتى. غۇنچەم بولسا ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېقىپ قويغان قوزۇقتەك تۇراتتى. ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە تونۇگۈن باش تەربىيەچى ئوقۇپ بەرگەن «ئۇرۇقچە يىغىپ تېرىپ، مېۋىلىك باغ بىنا قىلىش» توغرىسىدىكى مۇراجىئەتنامە جاراڭلىغاندەك بولدى.

ئەسلىدە غۇنچەم تۈنۈگۈن مەكتەپتىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن يول بويى ئۆچكە تەرگەچ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ ھەربىر تال ئۆچكىنى يەردىن ئالغاندا چېچەككە تولغان باغلار، مەي باغلاپ پىشقان شاپتۇللار ۋە ھەر خىل مېۋىلەر كۆز ئالدىغا كېلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن غۇنچەم تېخىمۇ جانلىنىپ كېتەتتى. ئۇ سومكىسىنىڭ يېرىمىنى ئۆچكە بىلەن تولدۇرغان بولسىمۇ قانائەت قىلمىدى. ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن ئۆكىسىنى بېقىپ كىرىش ئۈچۈن ئۆيدىن چىقتى - دە، مەھەللىدە ئۆكىسىنى ئويناتقاچ ئىككى يانچۇق ئۆچكە تەردى. يەكشەنبە كۈنى دوستلىرى بىلەن ئوت ئالغىچە شاپتۇل يېگەن قوناقلىقتا بېرىپ، ئۇ يەردىنمۇ بىر يانچۇق ئۆچكە تېرىپ كەلدى. ئۇ شۇنداق قىلىپ سومكىسىنى شاپتۇل ئۆچكىسى بىلەن تولدۇرغان بولسىمۇ، ئەمما كۆڭلىدە بۇ ئۆچكىلەر ئاز بىلىنمەكتە ئىدى. ئۇ ئەتە تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ مەكتەپكە بارغۇچە يوللاردىن يەنە تەرسەم... دەپ خىيال قىلغانىدى.

مانا، ئەمدى مەكتەپكە ماڭاي دېگەندە ئانىسى غۇنچەمنىڭ سومكىسىنىڭ شاپتۇل ئۆچكىسى بىلەن تولدۇرۇلغانلىقىنى، دەپتەر، قەلەملىرىنى ياغلىقتا چىگىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى توسۇۋالدى.

بۆشۈكتىن بالىنى يېشىپ چىققان ئانا غۇنچەمگە يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

— سەن ساراڭ بولما قىزىم، قايسى بىر يىلى ئاچاڭمۇ ئۆچكە يىغىپ مەكتەپكە ئېلىپ بارغان. كېيىن ئاڭلىساق مەكتەپ مۇدىرى ئۇ ئۆچكىلەرنى ياغ تارتتۇرۇپ يەپتىكەنمىش...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان غۇنچەم، ناھىيە تەۋەسىدىكى ئىتتىپاق

ئەزالىرى ۋە پىيونېرلارنىڭ «ئۇرۇقچە يىغىپ ۋەتەننى باغۇ - بوستانلىققا ئايلاندۇرۇش»قا چاقىرىق قىلىپ تەشەببۇسنامە چىقىرىلغانلىقىنى، ئۇ چاقىرىقنامىنىڭ تۇنۇگۈن مەكتەپكە يەتكۈزۈلگەنلىكىنى ئانىسىغا دېدى.

— ھە، — دېدى ئانىسى چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — مۇنداق دېگىن، پارتىيەنىڭ چاقىرىقى مۇھىم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پارتىيەنىڭ بىز دېھقانلارغا قىلغان غەمخورلۇقى بەك كۆپ. بىز پارتىيەنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشمىساق بولمايدۇ. ئۆيدىكى ئۆچكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ چىقىپ بېرەي، ئۇنىمۇ مەكتەپكە ئېلىپ بارغىن.

غۇنچەمنىڭ ئانىسى ئۆيگە كىرىپ، ياغ تارتتۇرىمىز دەپ يىغىپ قويغان بىر خالتا ئۆچكىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ چىقتى. ئانىسىغا قاراپ غۇنچەمنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى.

# ئىنىمنىڭ ئارزۇسى

مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ ئىشىك ئالدىغا كېلىشىم بىلەن ھويلىدىن ئىنىم ئېزىزنىڭ «شا... شا...» دېگەن زىل ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن ئىتتىك ھويلىغا كىردىم. ئىنىم ئېزىز ئۈجمىگە ياغاچ مىلتىقنى تەڭلەپ ھەدەپ ۋارقىراۋاتاتتى. ئۇنىڭ بېشىدا ئۆڭ-ز ىڭگە خېلىلا چوڭ كېلىپ قالغان ھەربىيچە شەپكە بار ئىدى.

— مانا، سەمەتجانمۇ قايتىپ كەلدى.

سۇپا تەرەپتىن دادامنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن بۇرۇلۇپ سۇپا تەرەپكە قارىدىم. سۇپىدىكى كىگىز ئۈستىگە سېلىنغان تاۋار كۆرپە ئۈستىدە ئالدىنقى يىلى ھەربىي سەپكە كەتكەن ئاكام ئەمەت كۈلۈپ ئولتۇراتتى.

— ئاكا!

مەن شۇنداق دېدىمدە مورەمدىكى سومكىنىمۇ يەرگە قويماستىن ئاكامغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. ئاكامۇ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ مېنى چىڭ قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ مەڭزىمگە سۆيۈپ قويدى. ئاكام مېنى ئاۋايلاپ يەرگە قويغاندىن كېيىن ئۆي ئىچىگە كىرىپ بىر قەلەم بىلەن بىر خاتىرىنى ئېلىپ چىقىپ ماڭا بەردى ۋە:

— ياخشى ئوقۇغىن، — دېدى.

— تۇرسۇن ياخشى ئوقۇۋاتىدۇ، — دېدى دادام، — ئۇ ياخشى ئوقۇپ ئالىم بولىمەن دەيدۇ، كىچىك ئىنىڭ ئېزىز، سېنىڭ ئاپ-توماتنى كۆكسىڭگە تېڭىپ تۇرۇپ چۈشكەن ئالتە سۈڭلۈق رەسىم-ىڭنى كۆرگەندىن كېيىن قەيەرگە بارسا «مەن ئەمەت ئاكامدەك ھەربىي بولىمەن، ئاپتوماتنى تۇتۇپ تۇرۇپ رەسىمگە چۈشىمەن» دەپ يۈرىدىغان بولدى.

دادام دېگەندەك ئاكامنىڭ رەسىمىنى كۆرگەندىن كېيىن ئېزىزنىڭ يۇمران قەلبىدە ھەربىي بولۇش ئىستىكى تۇغۇلغانىدى. شۇڭىمۇ دائىم بىر تاياققا شوينا چىگىپ مىلتىق قىلىپ بويىنىغا ئېسىپ ئوينايتتى.

بىر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ ئىشىك ئالدىغا كەلسەم ئېزىز ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئالتە بالىنى قاتار قىلىپ تىزىۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئېزىزگە ئوخشاش تاياق مىلتىقنى بويىنىغا ئېسىپ ئالدى ـ كەينىگە مېڭىپ مەشىق قىلىۋېتىپتۇ. مەن ئۇلارنىڭ ئىشىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتىم ـ دە، ئۆيگە كىرىپ بىر شالنى تېپىپ ياغاچ مىلتىق ياساشقا كىرىشتىم. شالنى ئويۇپ ياساپ چىققان مىلتىقىم خېلى قاملاشتى. مەن بۇ ياغاچ مىلتىقنى ئېزىزگە بەرگىنىمدە ئۇ ناھايىتى خۇش بولۇپ كەتتى. شۇنىڭغىمۇ بۇ ياغاچ مىلتىقنى ئۇ دائىم ھويلىدىكى ئۇجمىگە تەڭلەپ ئوينايتتى.

دادامنىڭ چاقىرىشى بىلەن ئېزىز ئۇجمىگە مىلتىق تەڭلەپ «شا» دېيىشتىن توختاپ قېشىمىزغا كەلدى. ئاكامنىڭ شەپكىسى ئۇنىڭ بېشىغا چوڭ كېلىپ قالغاچقا، شەپكىنىڭ جىيىكى ئۇنىڭ بىر كۆزىنى توسۇۋالغان بولۇپ، ئىككى تامچە تەر ئۇنىڭ چېكىسىنى بويلاپ ئېڭىكى ئاستىغا ئاقماقتا ئىدى.

— سەن چوڭ بولساڭ راستلا ھەربىي بولامسەن؟ — دېدى ئاكام ئېزىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ.

— راست، ھەربىي بولىمەن، — دېدى ئېزىز ئاكامغا كۈلۈپ قاراپ.

ئېزىزنىڭ جاۋابى ھەممىمىزنى كۈلدۈرۈۋەتتى. ماش رەڭ كىيىم كىيىپ، چاپاننىڭ ياقىسىغا قىزىل بەلگە، شەپكىگە بەش يۇلتۇز تاقاپ، قولىغا مىلتىق ئالغان بىر ئادەم بولۇش ئېزىزنىڭ گۆدەك قەلبىدىكى بىردىنبىر ئارزۇسى ئىدى.

— ياخشى، — دېدى ئاكام. — چوڭ بولغاندا چوقۇم ھەربىي

بولالايسەن. ۋەتەننى قوغداش، خەلقنى قوغداش، ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بىزنىڭ اش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچىمىز. بۇ-نىڭ ئۈچۈن چوڭ بولۇشۇڭ، مەكتەپتە ياخشى ئوقۇشۇڭ كېرەك؟

— راستمۇ ئاكا؟ — دەپ سورىدى ئېزىز.

— راست.

— ئۇنداق بولسا مەن ئەتە چوڭ بولىمەن، سەمەت ئاكام بىلەن مەكتەپكە بارىمەن. ياخشى ئوقۇيمەن!...

ئېزىزنىڭ قۇمۇچاقتەك قارا كۆزلىرىدە ئىرادە ۋە ئۈمىد ئۇچ-قۇنى چاقناپ كەتتى.

# چىش ئاغرىقى

تونۇگۈندىن بۇيان ئەنۋەرنىڭ چىشى ئاغرىپ بىر قوۋۇزى مۇش-تۇمدەك ئىششىپ كەتتى - دە، بۈگۈن بىر كېچە ئۇخلىيالماي چىقتى. سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ تاماقمۇ يېيەلمىدى. دادىسى مە-ھەللىدىكى بىر كەپتەرۋازدىن باچكا سېتىۋېلىپ كېلىپ، باچكىنى بوغۇزلاپ قېنىنى ئەنۋەرنىڭ چىشىغا ئېقىتىپ قويۇپ ئىشقا كەت-تى. ئەنۋەرنىڭ چىشى بولسا يەنە ئاغرىۋەردى. ئەنۋەر مەكتەپكىمۇ بارالمىدى. ئانىسى قوي يېغىنى قىزىتىپ ئاغرىۋاتقان چىشىغا چىشلەتكۈزۈۋىدى. بۇنىڭمۇ ئۈنۈمى بولمىدى. ئەنۋەر بولسا نالە قى-لىۋەردى. ئانىسى يەنە موزا، كاۋاۋچىن، پىل - پىل دېگەندەك دو-رىلارنى سوقۇپ ئەنۋەرنىڭ ئاغرىۋاتقان چىشىغا باستى. ئۇنىڭ چى-شىنىڭ ئاغرىشى يەنىلا توختىماي، «ۋاي چىشىم - ۋاي چىشىم» لا دەيتتى. قوۋۇزىنىڭ ئىششىقى بولسا تېخىمۇ چوڭىيىشقا باشلىدى.

ئانىسى ئەنۋەرنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. دوختۇر چىشىنى تەكشۈرۈپ:

— چىش سېسىپ، چىش ئەتراپىدىكى گۆش ياللۇغلىنىپتۇ. چىشنى تارتىۋېتىش كېرەك، — دېدى.

ئەنۋەر چىشنى تارتىۋېتىشكە قوشۇلدى. دوختۇر ئۇنىڭ چىشى ئەتراپىغا بىر تال ئوكۇل ئۇرغاندىن كېيىن چىش تارتىدىغان كى-چىك ئامبۇرنى ئاغزىغا سالدى.

— قېچىڭلار، قېچىڭلار، — هەددى - ھېسابسىز مىكروبلار ئاغرىق چىشتىن ساق چىشقا قاراپ قېچىشقا باشلىدى. بۇنى كۆر-گەن ئامبۇر ھەيران قېلىپ سورىدى:

— نېمىشقا قاچىسىلەر؟ مەن سىلەرنى ھېچنېمە قىلمايمەن.

— ھە، — دېدى قېچىۋاتقان مىكروبلار قېچىشتىن توختاپ، — بىز سېنى چىش چوتكىسىمىكىن دەپ قېچىپتىمىز.

— چىش چوتكىسىدىن نېمىشقا قورقىسىلەر؟ — سورىدى ئەمبۇر مىكروبلارنىڭ چىش چوتكىسىدىن قېچىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلگۈسى كېلىپ.

— بۇ چۈشىنىشلىكقۇ، — دېدى مىكروبلار، — بەزى بالىلار، ھەتتا چوڭلارمۇ ھورۇنلۇق قىلىپ ئەتىگەن - كەچلەردە تاماقتىن كېيىن چىش چوتكىلىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن چىش ئارىلىقىغا كىرىۋالغان يېمەكلىكلەر ئېچىيدۇ. نەتىجىدە بىز مىكروبلار پەيدا بولىمىز - دە، چىشنى ئاغرىتىمىز، سېستىمىز. ئەگەر چىش چوتكىلىنىپ، يۇيۇپ بېرىلسە بىز ئېغىزغا كىرەلمەيمىز. ئەگەر كىرىپ قالغان تەقدىردىمۇ چىش پاستىسى بىلەن چوتكىلاپ يۇيۇلغان ھامان ئۆلىمىز. چىش چوتكىسىدىن قورقۇشىمىزنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ.

— بۇ ئەنۋەرجانمۇ چىشىنى چوتكىلاپ يۇيماي مۇشۇ ئاقىۋەتكە قاپتۇ - دە، — دېدى ئەمبۇر ئەنۋەرگە قاراپ.

— شۇنداق، بۇ بالا چىش چوتكىلىمايتتى. قالايمىقان نەرسە - كېرەكلەرنى يەيتتى. نەتىجىدە چىشى نابۇت بولدى، — دېيىشتى مىكروبلار.

دوختۇر ئەنۋەرنىڭ چىشىنى تارتىپ ئېلىۋەتتى. بىراق ئاغرىق چىشتىن ساق چىشقا قاراپ قاچقان مىكروبلار يەنىلا ئەنۋەرجاننىڭ ئاغزىدا قېلىپ قالدى. ئەنۋەرجان چىش پاستىسى بىلەن پات - پات چىشىنى يۇيۇپ تۇرمايدىكەن، قالغان چىشلىرىمۇ سېسىيدۇ، ئاغرىيدۇ، ئاخىرى تارتقۇزۇۋېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

* * *

# ئۆستەڭ بويىدا

ھەر كۈنلۈكى كەنت كۈتۈپخانىسىغا بېرىپ 2 ~ 3 سائەت ھەر خىل كىتاب، گېزىت - ژۇرناللارنى ئوقۇپ كېلىش ئەسقەر بىلەن ئىككىمىزنىڭ بۇ تەتىل كۈنلىرىدىكى مەشغۇلاتىمىز بولۇپ قالغىنىغا ئون كۈندىن ئاشتى. بىز ئالدىنقى كۈنى كىتاب ئوقۇغىلى كېلىپ بۇ كەنت قىرائەتخانىسىنى ئوبدان بىر تازىلاپ قويۇشنى دېيىشكەنىدۇق. شۇڭا بۈگۈن چۈشتىن كېيىن چېلەك، سۈپۈرگىلىرىمىزنى ئېلىپ كەنت مەركىزىگە قاراپ ماڭدۇق. ئىتتىك ماڭغانلىقىمىزدىن بىردەمدىلا تەرلەپ پېشانىلىرىمىزدىن مۆنچاق - مۆنچاق تەر چىقىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا مېنىڭ قورسىقىم تۇساتتىن ئاغرىپ كەتتى، قولۇمدىكى چېلەكنى ئەسقەرگە بېرىپ يول بويىدىكى بىر ھاجەتخانىغا يۈگۈردۈم.

ھاجەتخانىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ قورسىقىم ئاغرىۋەردى. مەن بىر قولۇم بىلەن قورسىقىمنى چىڭ بېسىۋېلىپ ئەسقەرگە ئەگەشتىم.

— قورسىقىڭ بەك ئاغرىۋاتامدۇ؟ — ئەسقەر ئۆزىگە يېتىشىپ ماڭالمايۋاتقىنىمنى كۆرۈپ سورىدى، — بولمىسا قايتىپ كەتكىن. ئۆزۈم تازىلىۋېتىپ كېلەي.

— ياق، بارالايمەن، — دېدىم غەيرەت قىلىپ.

توك غورا يېگەن كىشىنىڭ چىرايىدەك تۈرۈلگەن چىرايىم بىردەمدىلا سارغايغان بولسا كېرەك، ئەسقەر ماڭا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن:

— نېمە يېگەن ئىدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ئەتىگەن ئاكام بىر سېۋەت ئۆرۈك ئېلىپ كەپتىكەن، شۇ

ئۆرۈكتىن يېگەنىدىم.

— ئۆرۈكنى يۇيۇۋەتمەي يېگەنمۇ؟

— ھەئە. سېۋەتتىن ئېلىپلا يەۋېرىپتىكەنمەن.

— يۇيۇپ يېگەن بولساڭ قورسىقىڭ ئاغرىمايتتى. قارا، ئۆرۈك پىشقۇچە ئۈچ - تۆت قېتىم ھاشارات يوقىتىش دورىسى چېچىلدى. مېۋىلەرگە توپا - چاڭدىن باشقا، يەنە ھاشاراتلار قوندى. ئۇنى يۇيۇۋەتمەي يېگەندە ئادەم ئېغىر بولغاندا زەھەرلىنىپ قېلىش، يېنىك بولغاندا ئاشقازان، ئۈچەي ياللۇغلىنىپ قېلىش كېسەللىكىنى پەيدا قىلىدۇ.

بىز شۇ پاراڭلار بىلەن يولنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭ بويىغا يېتىپ كەلدۇق. ئەسقەر قولىدىكى چېلەك، سۈپۈرگىنى يەرگە قويدى - دە، شارتتىدە بۇرۇلۇپ ئۆستەڭ بويىغا يۈگۈرۈپ چۈشتى. مەن ئەسقەر سۇدا ئېقىپ كېلىۋاتقان بىر نەرسىنى كۆرگەن ئوخشايدۇ دەپ ئۆستەڭنىڭ باش - ئايىغىغا قاراپ قالدىم. ئەسقەر ئۆستەڭ بويىغا چۈشۈپ قولىنى يۇيۇشقا باشلىدى.

— بول - بول ئاداش، ئەجەپمۇ پولو يەيدىغاندەك قىلىپ كەتتىڭ. يا پاسكىنا بىر نەرسە تۇتمىساڭ، — دېدىم قىرائەتخانىغا بېرىشقا ئالدىراپ.

— نېمە؟ — دېدى ئەسقەر نارازى بولغان ھالدا. — تەرنى سۈرتتۇم، بۇرنۇمنى كوچىلىدىم ئەمەسمۇ؟

— تەرنى سۈرتۈپ، بۇرۇننى كوچىلىغانغا قول يۇيىمەن دەپ ئولتۇرساڭ، ئىش ئالدىراش تۇرسا؟

— شۇنداق. ئىشمۇ ئالدىراش، لېكىن تازىلىققىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. تەن ساق بولسا ھەممە ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ. ئۆتكەندە يېزىدا يۇقۇملۇق كېسەل تارقالغاندا مۇئەللىم «تىرناقلارنى پات - پات ئېلىپ تۇرۇش، تاماقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن قولنى يۇيۇش، بولۇپمۇ تەر ئېرتقان، تەرەت قىلغان، بۇرۇننى كوچىلىغان ۋاقىتلاردا قولنى يۇيۇپ تۇرۇش» توغرىسىدا تەربىيە بەرگەن ھەم

ھەر خىل كېسەللىك مىكروبلىرىنىڭ قول ئارقىلىق تاماقتا، تاماق ئارقىلىق بەدەنگە كىرىپ كېسەل پەيدا قىلىدىغانلىقىنى مىساللار ئارقىلىق سۆزلەپ بەرگەن ئىدىغۇ؟ سەن ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايسەن.

ئەسقەرنىڭ سۆزلىرى بىلەن مۇئەللىمنىڭ تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىش توغرىسىدىكى سۆزلىرى، ئۆرۈكنى يۇيماي يېگەچكە يولدا كەلگۈچە ئاغرىپ كەتكەن قورسىقىم ئېسىمگە كېلىپ تۇرۇپ قالدىم. شۇ تاپتىمۇ قورسىقىم سۇس ئاغرىۋاتاتتى. ئىتتىك ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ سۈيى مېنىڭ جاۋابسىز قالغانلىقىمنى مازاق قىلىۋاتقاندەك شىلدىرلاپ قوياتتى.

توغرا، تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مەنمۇ قولۇمنى يۇيۇش ئۈچۈن ئۆستەڭ بويىغا چۈشتۈم. بۇ چاغدا ئەسقەر قولىنى يۇيۇپ بولۇپ ئورنىدىن تۇردى.

— توختىغىن ئاداش، مەنمۇ قولۇمنى يۇيۇۋالاي، — دېدىم ئۇنىڭغا قاراپ.

مېنىڭ قولۇمنى يۇيۇشقا بىر مىنۇتمۇ ۋاقىت كەتمىدى. بىر قىرائەتخانىغا قاراپ ماڭدۇق. قولۇمنى يۇيغاندىن كېيىن قورسىقىمنىڭ ئاغرىقى توختاپ قالغاندەك قىلاتتى.

# مەكتەپكە بېرىش يولىدا

سەيشەنبە كۈنى تاڭ سەھەر، غەرب ئاسمىنىدا چولپان يۇلتۇز ئاخىرقى نۇرلىرىنى چېچىپ توختىماي جىمىرلايتتى.

ئامىنەم سىنىپ نۆۋەتچىسى ئىدى. ئۇ مەكتەپكە سەھەر بېرىپ سىنىپنى پاكىز تازىلىۋېتىپ، چۈشتىن كېيىن ئېلىنىدىغان «ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار مۇسابىقە ئىمتىھانى»غا ئاز - تولا تەييارلىق قىلىۋېلىش ئۈچۈن شۇ سەھەردە مەكتەپكە قاراپ ماڭدى. سەھەرنىڭ سالقىن شامىلى ئۇنىڭ يۈزىنى سۆيۈپ ئۆتەتتى. ئۆتۈلگەن دەرس - لەرنى ئويلاپ، فورمۇلالارنى يادلاپ كېتىۋاتقان ئامىنەم، تولا يەرلە - رى بۇزۇلۇپ ئويداڭ - چوڭقۇر بولۇپ كەتكەن يېزىنىڭ بۇ ماي يو - لىنىڭ بىر يېرىگە كەلگەندە يۇمشاق بىر نەرسىگە دەسسەپ سېلىپ يورىكى «جىغ» قىلىپ كەتتى.

— پاقىمىدۇ؟

ئامىنەم پۇتىنى ئىتتىك يۆتكەپ يەرگە قارىدى. يەردە چىگىلگەن بىر قول ياغلىق تۇگۈنچەك تۇراتتى.

— بۇ نېمىدۇ؟

ئامىنەم ئەتراپقا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن قول ياغلىقنى يې - شىپ كۆردى.

— پۇل!...

ئامىنەمنىڭ قول ياغلىقنى تۇتقان قولى تىترەپ كەتتى. پۇل ئون يۈەنلىك، بەش يۈەنلىك، ئىككى يۈەنلىك، بىر يۈەنلىك بولۇپ خېلى كۆپ ئىدى. ئامىنەم ئەتراپقا يەنە بىر قېتىم قارىدى. ئەتراپ - تا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئامىنەم: «بۇ پۇل كىمنىڭدۇ؟ كېچىدە يېزى - نىڭ باش تەرىپىگە ماڭغان بىرەرسى چۈشۈرۈپ قويغانمىدۇ؟ ياكى

يېزىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە ماڭغان بىرەرسىمىدۇ؟ پۇلنى يىتتۈرۈپ قويغۇچى ھازىر قانچىلىك تىت - تىت بولۇۋاتقاندۇ - ھە؟ تۈنۈگۈن ئانامۇ يېزىمىزنىڭ دۈشەنبە بازىرىغا بېرىپ، بىر پاي ئالتۇن زىرىسىنى يىتتۈرۈپ قويۇپ ئىزدەپ تاپالماي، ئۆيگە كېلىپ ناھايىتى خاپا بولدى. «زىرەمنى 600 يۈەنگە ئالاتتى» دەپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى. دادام: «خاپا بولماڭلار، بىرەرسى تېپىۋالغان بولسا تاپشۇرۇپ بېرەر، مەن بېرىپ زىرىنىڭ يىتكەنلىكىنى يېزىلىق ساقچىخانىغا مەلۇم قىلىپ قوياي» دېدى، ئانام: «مۇشۇ كۈنلەردە ئالتۇننى، پۇلنى تېپىۋالغان ئادەم تاپشۇرۇپ بېرەتتىمۇ؟ ساراڭ تاپشۇرۇپ بېرىدۇ» دېدى. قارىغاندا مەن بۇ پۇلنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرسەم كىشىلەر مېنى «ساراڭ، پۇل دېگەننىمۇ تاپشۇرۇپ بېرەمدۇ؟» دەيدىغان ئوخشىمامدۇ؟

ئامىنەم پۇلنى ياغلىققا چىگىپ، يانچۇقىغا سالدى - دە، مەكتەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ قەدەملىرى ئېغىر ئىدى. تۇرۇپ - تۇرۇپ ئارقىسىغا قارايتتى. ئانىسىنىڭ زىرىسىنى تېپىۋېلىپ تاپشۇرۇپ بەرمىگەن كىشىنى تىللاپ، قارغاپ كەتكەنلىرى ئېسىگە كەلدى.

ئامىنەمنى سوغۇق تەر بېسىشقا باشلىدى. ئۇ «مەن بۇ پۇلنى مەكتەپكە ئېلىپ بېرىپ، مەكتەپ ئەتراپىدىكى دۇكان، ئاشخانىلارغا كىرىپ خەجلەپ تۈگەتسەم بولمىغۇدەك. ئۇنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرمىسەم، ئىگىسىمۇ مېنى تىللاپ، قارغاپ كەتمەمدۇ؟

ئامىنەم ئىتتىك ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ پۇلنى تېپىۋالغان يەرگە كەلدى. شەرق ئاسمىنىدىن ئۇپۇق يېرىپ چىققان قۇياشنىڭ قىزىل نۇرلىرى ئامىنەمنىڭ يۈزىدە جىلۋە قىلدى. يولدا ئادەملەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. يېزا مەركىزى تەرەپتىن ئىككى كىچىك ماشىنا كېلىپ شەھەر تەرەپكە كىرىپ كەتتى. ئېشەك ھارۋىلىرىغا سەي - كۆكتات باسقان ئىككى كىشى يېزا بازىرى تەرەپكە ماڭدى. ئامىنەم بولسا يول بويىدا قاراپ تۇرۇۋەردى. بىرمۇ ئادەم پۇل ئىز-

دىگەندەك قىلمايتتى. يولدا بارا ـ بارا مەكتەپكە ئالدىراپ ماڭغان مۇئەللىملەر، ئوقۇغۇچىلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. دېھقانلارمۇ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتتى ـ يۇ، بىرمۇ ئادەم پول ئىزدەپ كەلمىدى. ئامىنەم بىرمۇنچە ساۋاقداشلىرىنىڭ «ماڭمامسەن» دېگەن سوئالىغا «بىرسىنى ساقلاۋاتىمەن، ھازىرلا بارىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. بىر يېقىن دوستىغا سىنىپىنىڭ تازىلىقىنى قىلىپ قويۇشنىمۇ تاپىلىدى.

ۋاقىت ئۆتمەكتە ئىدى. مەكتەپتە دەرسكە كىرىشكە قوڭغۇراق چېلىندى. ئەتىگەندە سىنىپ مۇدىرىنىڭ ئالگېبرا دەرسى بار ئىدى. مۇئەللىم بۇ ئەتىگەندىكى ئىككى سائەت دەرس ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، چۈشتىن كېيىنكى ئىمتىھان ئۈچۈن دەرس تەكرار قىلىپ بەرمەكچى بولغانىدى. ئامىنەم بۇ يەردە پۇلنىڭ ئىگىسىنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇرۇۋېرىپ، دەرس تەكرارىغا قاتنىشىشنى تاشلاپ قويسا بولمايتتى. ئۇ دەرس تەكرارىغا قاتناشماي، ئىمتىھاندا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمىسە ئەلاچىلىق نامىغا نۇقسان يېتەتتى. شۇلارنى ئويلىغان ئامىنەم قوڭغۇراق ئاۋازى توختىشى بىلەن مەكتەپكە قاراپ يۈگۈردى.

ئامىنەم سىنىپقا كىرىپ كەلگەندە مۇئەللىم ئىككى ئوقۇغۇچىدىن سىناق ئېلىۋاتاتتى.

— كېچىكىپ قاپسىزغۇ؟ — سورىدى مۇئەللىم ئامىنەمگە قاراپ.

— ئىشىم چىقىپ قالغانىدى، — دېدى ئۇ يۈزى قىزارغان ھالدا.

— يوقلىما قىلسام بىر ساۋاقدىشىڭىز سىزنى يولدا ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ قالدى، دېدىغۇ؟ — دېدى مۇئەللىم.

ئامىنەم مۇئەللىمگە لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ يەرگە قارىۋالدى. كۆڭلىدە: «تېپىۋالغان بۇ پۇلنى دەرستىن چۈشكەندە مۇئەللىمگىلا تاپشۇرۇپ بېرەي» دەپ ئويلاپ، يەرگە قاراپ جىم تۇرۇۋالدى.

— سىز هازىرقى ۋاقىتنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى بىلىسىز. يولدا بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم ئىش چىقىپ قالغانمۇ؟ راستىنى دەڭ؟ — دېدى مۇئەللىم.

ئىلاجىسىز قالغان ئامىنەم يانچۇقىدىن پۇل چىگىلگەن ياغلىقـ نى ئېلىپ مۇئەللىمگە بەردى.

— بۇ نېمە؟ — سورىدى مۇئەللىم ھەيران بولۇپ.

— پۇل، — دېدى ئامىنەم ئۇنلۇك قىلىپ، — ئەتىگەن سەھەرـ دە مەكتەپكە كېلىۋېتىپ يولدىن تېپىۋالغانىدىم، ئىگىسى كېلىپ قالار دەپ يولدا ساقلاپ تۇردۇم. شۇنىڭ بىلەن دەرسكە كېچىكىپ قالدىم.

— ئولتۇرۇڭ، — دېدى مۇئەللىم ئامىنەمگە قاراپ مەمنۇن بولغان ھالدا، — بۇ قانچە پۇل؟

— مەن ساناپ باقمىدىم، — دېدى ئامىنەم ئۇستىلىدە ئولتۇـ رۇۋېتىپ.

سىنىپتا پاراقىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

مۇئەللىم شۇ سائەتلىك دەرستىن چىقىپلا پۇلنى مەكتەپكە تاپشۇرۇپ بەردى. پۇل ئىككى يۈز يۈەن ئىدى. مەكتەپ بۇ پۇلنى دەرھال يېزىلىق ساقچىخانىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

ئامىنەم چۈشتىن كېيىن ئېلىنغان ئەلاچىلار مۇسابىقە ئىمتىـ ھانىنى ياخشى بېرىپ ئائىلىسىگە قايتتى. ئۆيدە بولسا دادىسى كۆـ رۈنمەيتتى. ئانىسى بولسا ھېچ ئىشقا قولى بارماي خاپا بولۇپ ئولـ تۇراتتى. ئامىنەم:

— ئانا زىرەڭ تېپىلىپتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ساقچىخانىغا بارسام مېنىڭ زىرەم تېپىلماي، نەدىكى بىر ئادەمنىڭ كېچىدە يولدا يىتتۇرۇپ قويغان ئىككى يۈز كوي پۇلى تېپىلىپتۇ. ھەممە ئادەم ئاشۇ ئىنسابلىق، پەزىلەتلىك بالىدەك بولسا جاھان قانداق ياخشى بولۇپ كېتەر ئىدى ـ ھە؟ — دېدى ئاـ مىنەمنىڭ ئانىسى كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، — پۇلنىڭ

ئىگىسى پۇلىنى قولىغا ئېلىپ ناھايىتى خوش بولۇپ كېتىپتىمىش...

شۇ چاغدا ئامىنەمىنىڭ دادىسى ئۆيگە خوشال ھالدا كىرىپ كەلدى ـ دە، يانچۇقىدىن ئالتۇن زىرىنى قولىغا ئېلىپ:

ــ خوش خەۋەر، زىرە تېپىلىپتۇ، ــ دېدى.

ــ ھە؟

ئامىنەمىنىڭ ئانىسى ئورنىدىن تۇرۇپ زىرىسىنى قولىغا ئېلىپ، يۈز ـ كۆزلىرىگە سۈرتۈپ كەتتى ۋە:

ــ كىم تېپىۋاپتۇ؟ ــ دېدى ئالدىراپ.

ــ ساقچىخانىدىكىلەرنىڭ دېيىشىچە، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ پەزىلەت ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچىسى تېپىۋېلىپ تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ، ــ دېدى ئامىنەمىنىڭ دادىسى.

ــ ئۇ بالا نېمە دېگەن ئاق كۆڭۈل ـ ھە؟ ئىسمىمۇ پەزىلەت، قىلغان ئىشىمۇ پەزىلەتلىك ئىش بولۇپتۇ، ــ دېدى ئامىنەمىنىڭ ئانىسى خۇشاللىقىنى باسالماي.

شۇ چاغدا ئامىنەم:

ــ ئانا، ھېلىقى سەن دېگەن ئىككى يۈز كوي پۇلنى ئەتىگەن مەن مەكتەپكە كېتىۋېتىپ تېپىۋالغانىدىم. مەن ئۇ پۇلنى مۇئەللىمگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. مۇئەللىم مەكتەپكە، مەكتەپ ساقچىخانىغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. ساقچىخانا ئىگىسىگە بېرىپتۇ، ــ دېدى.

ــ ھە؟

ئانىسى خوش بولۇپ ئامىنەمنى سۆيۈپ بولغۇچە، دادىسى ئامىنەمنى قولتۇقىدىن كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئېتىشقا باشلىدى.

ــ ياخشى قىپسەن قىزىم. بىزنىڭ يۈزىمىزنى، ئىلىم بەرگەن مەكتەپ، ئۇستازلىرىڭنىڭ يۈزىنى يورۇق قىپسەن!...

ئامىنەمىنىڭ دادىسى قىزىنى ئاسمانغا ئېتىشتىن توختىمايدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

# مۇز ئۈستىدە

باتۇر بىرىنچى سائەتلىك دەرستىن چىقتى ـ دە، دەم ئېلىش ۋاقتىنى قولدىن بەرمەي مەكتەپ ئالدىدىكى كۆلگە كىرىپ مۇز تېيىلىپ، تونۇگۇن دادىسى ئېلىپ بەرگەن قونجىلىق بەتىنكىگە قېقىلغان ناھالنىڭ «كارامىتى»نى كۆرمەكچى بولدى.

باتۇرنىڭ بەتىنكىسىنى غىسىلدىتىپ كۆل تەرەپكە ماڭغىنىنى كۆرگەن بەزى «ئالىقانات»لارمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

ئائىلىلەردە تۇرۇۋا سۇيى ئىچىش ئومۇملاشقان بولسىمۇ، سۇ توختاپ قالغان چاغلاردا لازىم قىلىش ئۈچۈن كەنت مەركىزىدىكى چوڭ كۆل تىندۇرۇۋېتىلمىگەنىدى. بۇ كۆلنىڭ سۇيى مەكتەپنىڭ، كەنت قورۇسىنىڭ تازىلىق ئىشلىرىغا تولىمۇ ئەسقېتىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ يىل قىش كىرىپ، كۆلدە مۇز تۇتۇپ، مۇز ئادەم كۆتۈرگىدەك بولغاندىن بۇيان بەزى باللار چوشلۇك دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا، كەچتە مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەن ۋاقىتلاردا ئائىلىسىگە قايتماي كۆلگە كىرىپ مۇز تېيىلىپ ئوينايدىغان بولۇۋېلىشتى. يەنە بەزى باللار ئۆزلىرى ياسىغان چانا بىلەن بىر ـ بىرىنى سۆرۈشۈپ ئوينايتتى. بۇنداق چاغلاردا بەزى باللارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى كېلىپ باللىرىنى چاقىرىپ:

«كەشىڭگە قاراپ باققىنا؟ قارا ئىشتىنىڭدىكى لايلارنى، بۇ نەرسىلەر بىكارغا كەلمەيدۇ جۇمۇ؟» دېسە، بەزىسى: «كۆلدە مۇز تېيىلىمەن دەپ كاچكۇلغا چۈشۈپ كەتسەڭ قانداق قىلىمىز؟ ماڭ، ئۆيگە كېتىمىز» دەيتتى.

بۇنداق چاغلاردا باتۇر: «ئاتا ـ ئانىلار راست ئېيتىدۇ. مۇئەللىممۇ كۆلگە كىرىپ ئوينىماسلىق توغرىسىدا تەربىيە بەردى» دەپ ئويلايتتى. ئەمما بەزى باللارنىڭ كۆلگە كىرىپ قوللىرىنى خۇددى قەپەسكە ئەگىگەن كەپتەرنىڭ قانىتىدەك كېرىپ مۇز تېيىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىدە ئىچى قاينايتتى ـ دە، كۆلگە كىرىپ «پاختىلىق چوخەي» بىلەن مۇز تېيىلىپ ئوينايتتى. بۇنى كۆرگەن با-

لىلار: «ھەي باتۇر، چوقەينى سىلىقلاپ يالىڭئاياغ تېپىل، تازا غىتقىراپ ماڭىسەن»، دەپ باتۇرنى مازاق قىلىشاتتى. باتۇر بولسا گەپ قىلالماي قالاتتى.

باتۇر بىرنەچچە قېتىم باللار تەرىپىدىن مازاق قىلىنغاندىن كېيىن دادىسىغا «بەتىنكە كەش ئېلىپ بەر» دەپ تورۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن دادىسى تونۇگۈن بازارغا كىرگەندە باتۇرغا بىر بەتىنكە كەش سېتىۋېلىپ، پاشنىسىغا ناھال قويدۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ بەردى.

× × × ×

مەكتەپتىن چىقىپلا يوگۇرگەنچە كۆلنىڭ بويىغا كەلگەن باتۇر يەنە يوگۇرگەنچە كۆلنىڭ قېشىدىن مۇز ئۈستىگە چوشتى ـ دە، بىر پۇتىنى ئالدىغا چىقىرىپ كەشىنىڭ ناھالىنى مۇزغا تىرەپ، قولىنى كەڭ كېرىپ تورۇۋېدى، خۇددى ھاۋادا ئۇچقاندەك ماڭدى. باتۇرنىڭ خوشاللىقتا كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي قالدى. ناھال سىلىق مۇز ئۈستىدە قىرىندىلارنى چىقىرىپ باتۇرنى كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كاچكۇلنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. باتۇرنىڭ كاچكۇلغا چوشۇپ كېتىپ، مۇز ئاستىغا كىرىپ كېتىشى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالدى.

— باتۇر توختا!

— باتۇر!...

باتۇرنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ چىقىپ، كۆل بويىدا تۇرغان باللار چۇقان سېلىشىپ كەتتى. باتۇر كەڭ كېرىپ تۇرغان قولىنى تېزلىك بىلەن يىغدى ـ دە، «گۈپ» قىلىپ كاچكۇلنىڭ يېنىغا ئوڭدىسىغا يىقىلدى.

باتۇر قىمىر قىلالماي ياتاتتى. باللار كۆلگە يوگۇرۇشۇپ چوشتى. باتۇرنىڭ بېشى يېرىلغان بولۇپ، قان مۇز ئۈستىنى بويىماقتا ئىدى.

— دوختۇر چاقىرايلى!

— مۇئەللىمنى چاقىرايلى!

باللارنىڭ بىرسى كەنت دوختۇرخانىسىغا، بىرسى مەكتەپكە قاراپ يوگۇردى. قالغان باللار باتۇرنى كۆتۈرۈپ كۆل بويىغا ئېلىپ چىقىشتى. باتۇر بولسا تېخىچە ھوشسىز ئىدى.

# كېلىشمەسلىك

كەنتىمىزدە «باتۇرلۇق ئۆسمۈرلۈكتىن تارتىپ يېتىلىدۇ» دېگەن كىنو فىلىمى قويۇلغاندىن كېيىن، مەھەللىلەردە ئۆسمۈر بالىلارنىڭ كىنودىكى بالىلارنى دوراپ «هايت - هۇيت» دەپ قوللىرىنى بىر - بىرىگە شىلتىشلىرى، بىر - بىرىگە پەشۋا ئېتىشلىرى خۇددى بازلامچى خورازلاردەك بىر - بىرىنى ئەگىپ، بەزىدە مۇشت، بەزىدە پەشۋا ئېتىپ ئويناشلىرى ئەۋج ئېلىپ كەتتى. بالىلارنىڭ چېۋەر - چاققانلىقى، زېرەكلىكى ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى.

بۇ ئويۇنغا ئەڭ ئامراق ئىنىم ئەركىن بىلەن جىيەنىم غۇلامجان ئىدى. بۇ كۈنلەردە ئىنىم ئەركىن سىرتتىلا ئەمەس، ھەتتا ئۆيدىمۇ شۈك ئولتۇرمايدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ گاھ سۈپىدىن مولالاق ئېتىپ پەگاغا چۈشسە، گاھ پۈتىنى ئاسمانغا قىلىپ تامغا چاپلىشىپ تۇراتتى، تېخى ئىككى قولىنىڭ بېغىشىغا چىڭ قىسىپ تۇرىدىغان رېزىنكىمۇ بېكىتىۋالغانىدى.

بۈگۈن ئاكام ئايالى بىلەن ئوغلى غۇلامجاننى ئېلىپ بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەنىدى. چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن بىز ئىشىك ئالدىغا چىقىپ سەگدەپ ئولتۇرۇشتۇق. ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىدا ئاسفالت يول بولۇپ، بۇ يول بىردەمدىلا ئەركىن بىلەن غۇلامجاننىڭ ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان مەيدانغا ئايلىنىپ قالدى. ئەركىن بىلەن غۇلامجاننىڭ چاققان ھەرىكەتلىرى، بىر - بىرىگە مۇشت - پەشۋا ئېتىشلىرىنى كۆرگەن دادام «ھە، بوش كەلمە»، «ھە، قاچ» دېسە، ئاكام «دىققەت قىلىڭلار» «يامان يېرىڭلارغا مۇشت ئاتماڭلار» دەيتتى.

ئەركىن بىلەن غۇلامجان ئوينىغانسېرى بەك قىزىپ كەتتى. قىزىغانسېرى بىر - بىرىنى ئايىماي ئۇرۇشقا باشلىدى. بىرسىنىڭ مۇشتى بىرسىگە بەكرەك تەگسە، ئۇمۇ دەردىنى ئېلىش ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ مۇشت ئاتاتتى.

— بولدى. ئوينىماڭلار، — دېدى ئاكام ئويۇننىڭ جىددەلگە ئايلىنىپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ.

دەل شۇ پەيتتە ئەركىن دىككىدە بىر سەكرەپ كەلدى ــ دە، «هايت» دەپ غۇلامجانغا مۇشت ئاتتى. غۇلامجان ئىگىلىۋالىمەن دەپ بولغۇچە مۇشت تېگىپ «ۋاي» دەپلا يىقىلدى. ئەركىنجانمۇ ئۆزى ئاتقان مۇشتنىڭ تورى بىلەن غۇلامجاندىن ئارتىلىپ يەرگە يىقىلدى ــ دە، ۋايجانلاپ كەتتى.

بىز ئولتۇرغان يېرىمىزدىن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدۇق. غۇلامجان كۆزىنى تۇتۇۋالغان بولۇپ، بارماقلىرى ئارىسىدىن قان چىقىۋاتاتتى. ئەركىن بولسا تىنماي ۋايجانلايتتى. دادام ئەركىننى، ئاكام ئوغلى غۇلامجاننى يۆلەپ تۇرغۇزدى.

— غۇلامجاننىڭ كۆزى قويۇلۇپ كەتتىمۇ نېمە؟

— ئەركىنجاننىڭ جەينىكى ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. جەينەكتىن چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

— بول، ئۆيدىن داكا ئېلىپ چىق، — دېدى دادام ماڭا قاراپ.

مەن ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىردىم. يەڭگەم بولغان ئىشنى ئاڭلاپ، ئېتىۋاتقان تامىقىنى قويۇپ سىرتقا قاراپ يۈگۈردى.

مەن ئۆيدىن داكىنى ئېلىپ چىققاندا ئىشىك ئالدىدا توختىغان بىر ماشىنا قوزغىلىۋاتاتتى. دادام بىلەن ئاكام ئىككى بالىنى ئېلىپ دوختۇرخانىغا مېڭىشقانىكەن. مەن ئىتتىك بېرىپ قولۇمدىكى داكىنى ماشىنىنىڭ يانىدىكى كۆزنىكىدىن ئىچىگە سۇنۇپ بەردىم.

— ئاناڭ بىلەن ئاچاڭنى ئېلىپ، ئۆيدىكى پۇلدىنمۇ كۆپرەك ئېلىپ كەينىمىزدىن تېز بېرىڭلار، — دېدى دادام ماڭا.

ماشىنا مېڭىپ كەتتى. يېنىپ كېلىپ قارىسام ئانام بىلەن ئاچامنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈشكە باشلاپتۇ.

— بولدى يىغلىماڭلار، بۇنداق بولۇشنى كىم ئويلىغان؟ بۇ بىر كېلىشمەسلىك، بۇنىڭدىن كېيىن ئىبرەت بولۇپ قالار، — دېدىم مەن.

ئانام ئۆيگە كىرىپ ساقلاپ قويغان پۇلنى ئېلىپ چىقتى. بىزمۇ بىر ماشىنىنى توسۇپ دوختۇرخانىغا قاراپ ماڭدۇق.

# لەگلەك ئۇچۇرغاندا

— كۆزىنى ئاچتى! ...

— بالام، جېنىم بالام! ...

تۇنۇگۇن پېشىندىن تارتىپ ھوشسىز ياتقان غەيرەتنىڭ ئاستا ـ ئاستا كۆزىنى ئېچىشى خۇددى يېڭى بىر بوۋاق دۇنياغا كەلگەندەك ئائىلىدىكى ھەممىمىزنى، تۇنۇگۇندىن تارتىپ غەيرەتنىڭ يېنىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن كەنتىمىزنىڭ دوختۇرى ئايشەمنىمۇ خۇش قىلىۋەتتى. دېمىسىمۇ ئۇكام غەيرەت بۇ دۇنياغا ئىككىنچى قېتىم تۇغۇلدى. شۇ تاپتا ئانام غەيرەتنىڭ سارغىيىپ كەتكەن مەڭزىنى ئالقىنى بىلەن سىلايتتى، كۆزىدىن يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ياش تۆكۈلۈپ كەتتى. ئانامنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياشنى كۆرۈپ مې-نىڭمۇ كۆزۈمگە ئىختىيارسىز ياش كەلدى.

— ھە، — دېدىم ئىچىمدە، — شۇ لەگلەك ئۇچۇرۇش! ...

ئەتىيازنىڭ سالقىن شاملى چىقىش بىلەن خۇددى مۇسابىقىگە چۈشكەندەك مەھەللىلەردە باللار لەگلەك ياساپ، لەگلەكلىرىنى كۆكتە پەرۋاز قىلدۇرۇشقا باشلىدى. باللارنىڭ ئۆزلىرى ياسىغان ئايروپىلان، بېلىق، كېپىنەك شەكلىدىكى لەگلەكلىرى كۆكتە پەرۋاز قىلسا، ئۇلارنىڭ قانچىلىك خۇش بولىدىغانلىقىنى تىل بە-لەن تەسۋىرلەپ بولغىلى بولمايدۇ.

مەن كىچىكىمدىن لەگلەك ياساشقا ۋە لەگلەك ئۇچۇرۇشقا ئۇس-تا ئىدىم. شوينا، يىپ، سىملارنى بىر ـ بىرسىگە ئۇلاپ لەگلە-كىمنى ھەممە باللارنىڭكىدىن ئېگىز ئۇچۇراتتىم. بىر تاختا قە-غەز ئېگىز ئۇچۇرۇلغانلىقتىن ئالىقانچىلىك كۆرۈنىدىغان چاغلار-مۇ بولغانىدى.

تۈنۈگۈن مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋاتسام مەھەللىمىزدىكى باشلان-
غۇچ مەكتەپنىڭ ئالدىدا بىرمۇنچە بالىلار لەگلەك ئۇچۇرغىلى تۇ-
رۇپتۇ. ئۇكام غەيرەتمۇ شۇ بالىلارنىڭ ئارىسىدا ئاسماندىكى لەگ-
لەككە كۆز تىكىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ لەگلەككە قاراشلىرى، تۇرۇپ-
تۇرۇپ تاپىنىنى كۆتۈرۈپ قويۇشلىرىدىن لەگلەك ئۇچۇرۇشقا نەقە-
دەر تەقەززا بولۇپ كەتكىنىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى.

— ئاكا، — دېدى غەيرەت ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ.

— ھە، ئوينىدىڭمۇ؟

غەيرەت جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا لەپپىدە ئاسمانغا قاراپ قويۇ-
دى. شۇئان مەن «ماڭىمۇ لەگلەك ياساپ بەر» دېگەننى بىلىۋالدىم.
شۇ چاغدا غەيرەت:

— ئاكا، ئوسمانجانغا ئاكىسى لەگلەك ياساپ بېرىپتۇ، — دې-
دى.

— مەنمۇ ساڭا بىرنى ياساپ بېرىمەن، — دېدىم ئۇنىڭ كۆڭلى-
نى خۇش قىلىپ.

غەيرەت ۋىلىققىدە بىرنى كۈلدى-دە، خۇددى توشقانغا ئوخشاش
مەكتەپتىكى دوستلىرىنىڭ يېنىغا چاپتى.

— ماڭىمۇ ئاكام لەگلەك ياساپ بېرىدىغان بولدى. ئاكام لەگ-
لەك ياساشقا بەك ئۇستا، ھوي!...

مەن ئۆيگە كىردىم-دە، سومكامنى قويۇپ لەگلەك ياساشقا
كىرىشتىم. غەيرەتمۇ ئۆيگە پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ھەربىر ئىشلىرىم-
غا دىققەت قىلىپ قاراپ تۇرۇشلىرى، لەگلەكنى قانداق ياساش
توغرىسىدىكى سوئاللىرى مېنى زوقلاندۇرۇۋەتتى. مەن ئۇۋال بې-
لىق شەكلىدىكى بىر لەگلەكنى سىزدىم. ئاندىن قەغەزنى سىزىق
بويىچە كەستىم. «بېلىق»نىڭ كۆزىنى قارا، قالغان يەرلىرىنى قى-
زىل قىلىپ بويۇدۇم. قومۇشنى «X» شەكلىدە قىلىپ قەغەزگە
يەملىدىم. ئاندىن بىر غۇلاچ يىپ بېكىتىپ قولۇمنى تىك تۇتۇپ
ھويلا ئىچىدە يۈگۈردۈم. «بېلىق» قۇيرۇقىنى لەپىلدىتىپ ئۇچتى.

بەزىدە موللاقمۇ ئاتتى. مەن لەگلەكنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى سەل قىسـ-قارتىپ يەنە ئۇچۇردۇم. لەگلەك بۇ قېتىم موللاق ئاتمىدى. لەگلەك بېلىق شەكلىدە ياسالغاچقا يىراقتىن قارىغاندا خۇددى بىر قىزىل بېلىق هاۋادا ئۇچۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— ئەمدى بولدى، يىپ بىكتىپ ئۇچۇرۇپ ئوينا، — دېدىم لەگلەكنى غەيرەتكە بېرىپ.

غەيرەت هويلىدا لەگلەككە يىپ ئۇلاپ قالدى. مەن ئۆيگە كىرىپ كەتتىم. كىم بىلسۇن؟ غەيرەت ئىنچىكە يۇمشاق سىمدىن 30 ـ 40 غۇلاچنى لەگلەكنىڭ يىپىغا ئۇلاپ ئىشىك ئالدىغا ئېلىپ چىـ-قىپ ئۇچۇرۇپتۇ. لەگلەك كۆتۈرۈلۈپ شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە يىراقلىغانسېرى يول بويىدىكى مومىغا تارتىلغان يۇقىرى بېسىمـ-لىق توك سىمىنىڭ ئىككى تېلىغا لەگلەككە ئۇلانغان سىم تېگىپ كېتىپتۇ ـ دە، هەدەپ قولىغا يۆگىۋالغان سىمنى چىقىرىۋاتقان غەيرەتنى توك سوقۇپ كەينىدىكى تېرەككە ئۇرۇلۇپ، قولىدىكى سىم ئۈزۈلۈپ يەرگە يىقىلىپتۇ. غەيرەتنىڭ بېشى تېرەككە بەك تەگكەچكە يېرىلىپ كېتىپتۇ. باللار بۇ خەۋەرنى ئۆيگە يەتكۈزدى. بىز يۈگۈرۈپ چىقىپ غەيرەتنى ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ ياتقۇزدۇق ـ دە، كەنت دوختۇرىنى چاقىرىپ كەلدۇق.

ئاخشامدىن بۇيان جىددىي داۋالاش نەتىجىسىدە غەيرەت هوشىغا كېلىپ ئاستا ـ ئاستا كۆزىنى ئاچتى. كېچىدىن باشلىغا قاراپ ئۇيـ-قۇسىزلىقتا قېرىپ كەتكەن دوختۇرنىڭ كۆزى بىلەن ئانامنىڭ كۆزىدە نۇر جىلۋىلەندى. مەندىكى تەشۋىشمۇ تۈگەپ يۈزۈمگە كۈلكە يۈگۈردى.

# ئىنىمغا يېزىلغان خەت

سالام، قەدىرلىك ئىنىم شۆھرەت! ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟ سېنىڭ بىرىنچى ئاۋغۇست كۈنى يازغان خېتىڭنى تۈنۈگۈن كۆزەتكە چىقىش ئالدىدا تاپشۇرۇۋېلىپ تولىمۇ خۇرسەن بولدۇم. ئاتا ـ ئانام ۋە سېنىڭ سالامەت تۇرغۇنۇڭلارنى بىلىپ تولىمۇ سۆيۈندۈم.

قەدىرلىك ئىنىم، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگراسىدا كۆككە بوي سوزغان ئاقباش تاغلارنىڭ ئۈستىدە قاتتىق سوغۇق، قار ـ شىۋىرغانلاردىن قورقماي، ئاپتوماتنى چىڭ تۇتۇپ، كۆزلىرىمنى بۈركۈتتەك ھەر تەرەپكە تىكىپ كۆزەتتە تۇرغۇنۇمدا سېنى ئويلايمەن. بىلەمسەن؟ تۈنۈگۈن كەچ قاتتىق شىۋىرغان بولدى. توڭلاپ كەتتىم. ئالەم قارانى كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاراڭغۇ، لېكىن مەن سېنىڭ تاتلىق ئۇخلاۋاتقانلىقىڭنى، چۈش كۆرۈپ كۈلۈۋاتقىنىڭنى كۆردۈم. مېنى ئوقۇتقان، ھازىر سېنى ئوقۇتۇۋاتقان ئىللىق چىراي، بىلىمگە باي مېھرىبان ئۇستازىم مامۇت مۇئەللىمنىڭ تەڭ كېچە بولۇپ قالغىنىغا قارىماي تېتىك ئولتۇرۇپ تاپشۇرۇق تەكشۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. مامۇت مۇئەللىمنىڭ: «ئەل ـ يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى ـ روھىڭ سامان بولماس» دەپ ئېيتىپ بېرىدىغان ئىسمايىل مەمەت، دوڭ سوگرۇي، خواڭ جىگۇاڭ، ... قاتارلىق قەھرىمانلارنىڭ باتۇرلۇقى توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم، ۋۇجۇدۇم ئوت ئالدى.

ئىنىم، خېتىڭدە دەرسلەردىن 90 دىن يۇقىرى نومۇر ئېلىپ ئەلاچى بولغىنىڭنى تولىمۇ پەخىرلىنىپ يېزىپسەن. بۇنى ئوقۇپ ناھايىتى خۇش بولدۇم. شۇنداق ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىش كېرەك. يەنە «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى»لارنى سايلىغاندا شەرتىڭ

توشماي سايلىنالماي قالغىنىڭىزنىمۇ يېزىپسەن. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئەخلاقى، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتتىن ئەلا بولسىلا «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولغىلى بولاتتىغۇ؟ سېنىڭ ئەقلىي جەھەتتە ئەلاچى بولۇپ، قالغان ئىككى جەھەتتە ناچار بولۇپ قالغىنىڭ تولىمۇ نومۇس قىلىشقا تېگىشلىك ئىش بولۇپتۇ.

ئىنىم، بۇلتۇر ئائىلە يوقلاشقا ئۆيگە بارغىنىمدا سېنىڭ تولىمۇ كەپسىز بولۇپ قالغىنىڭنى بىلگەنىدىم. چوڭ ئانامنى يوقلاپ كېلەيلى دەپ سېنىمۇ بىللە ئېلىپ بارغىنىم ئېسىڭدىمۇ؟ سەن شۇ كۈنى يولدا ئويناپ يۈرگەن ئىككى بالىنى چالما بىلەن ئۇرۇپ يىغلاتتىڭ. ئۇنداق قىلما دېسەم: «بۇ ئۆلۈمتۈكلەردىن قورقمايمەن» دېدىڭ. مەن شۇ چاغدا ساڭا ئەدەپلىك بولۇش ھەققىدە ناھايىتى كۆپ تەربىيە قىلغانىدىم. دادامدىن ئاڭلىسام سەن رەگەتكە بىلەن قۇچقاچ سوقىمەن دەپ ئۈجمە يەۋاتقان بىر دېھقاننىڭ بېشىنى سوقۇۋېتىپسەن. ئىنىم، ئەھۋالدىن قارىغاندا سەن مېنىڭ تەربىيەمنى ئاڭلىماي مەكتەپتىمۇ ئەدەپسىزلىك قىلىپ يۈرگەن ئوخشايسەن. ئەمدى جىسمانىي جەھەتتە قانداق بولغىنىڭ ماڭا نامەلۇم، بىراق سەن بىلەن مەن يېزىدا ئۆسكەن. ئاتا - ئانىمىز ئەمگەك سۆيەر مېھنەتكەش دېھقان. بىز ئەمگەك سۆيمىسەك بولامدۇ؟ ساڭا دېسەم ئادەم كىچىكىدىن باشلاپ ئەمگەك سۆيەر بولۇپ چوڭ بولۇشى كېرەك. سەن بەلكىم مەكتەپ يېڭىلاپ سېلىنىدى، قىلغۇدەك ئەمگەك يوق دېيىشىڭ مۇمكىن. ئەتراپقا نەزەر سېلىپ كۆر، يېزىمىزدا قېرى - ئاجىزلار بار. شۇلارنىڭ ئۆي ئىشلىرىنى، ئېتىز ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىش، ھېچ بولمىسا دادامغا ياردەملىشىپ ئەتىگەن - كەچلەردە ئېتىز ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىش ئەڭ ياخشى ئەمگەكتۇر.

ئىنىم، ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزمىگىن، ۋاقىت ئىسراپچىلىقى دۇنيادىكى بارلىق ئىسراپچىلىقلار ئىچىدە ئەڭ چوڭ ئىسراپچىلىقتۇر. ھايات ئادەمگە بىرلا قېتىم كېلىدۇ. ئادەم ھاياتىدا خەلق ئۈ-

چۇن، ۋەتەن ئۈچۈن كۆپرەك ئىش قىلىپ بېرىشنى ئويلاش كېرەك. ئۇلۇغ كوممۇنىزم جەڭچىسى لېي فېڭنى نېمە ئۈچۈن خەلق ھۆرمەت بىلەن ئەسلەيدۇ؟ ئۇنىڭ نامى نېمە ئۈچۈن ئۆچمەيدۇ؟ بۇنى ئويلاش كېرەك.

ئىنىم، مەن سېنىڭ يارامىلىق ئادەم بولۇشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. نېمە ئۈچۈن «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولالمىغىنىڭنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقىپ، تېزدىن تۈزىتىپ ئالغا بېسىشىڭ كېرەك. چېكىنىشكە بولمايدۇ.

سېنى سېغىنىپ ئاكاڭ:

ئابدۇرۇسۇل

# ئەمەتنىڭ كېسەل بولۇشى

قىش كىرىشى بىلەن ئەمەت تولا تەرلەيدىغان، تولا قىزىيدىغان بولۇپ قېلىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىندى. دوختۇر ئەمەتنىڭ ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلى بولۇپ قالغانلىقىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن ئۇنى بالىنىستقا ئالدى ۋە كاسىسىغا ئۆپكە تۇبېركۇليوز مىكروبىغا قارشى بىر تال ئوكۇل ئۇردى. شۇ چاغدا ئەمەتنىڭ ئۆپكىسىگە ئورۇنلىشىۋالغان تۇبېركۇليوز مىكروبلىرى ئۆزىنى قويۇشقا يەر تاپالماي قالدى. بۇ پارازىت مىكروبلارنىڭ ئۆپكە ئىچىدە ئۇيان ـ بۇيان قېچىشى خۇددى مۈشۈكنىڭ ئالدىدىكى چاشقاننىڭ ئۆزى ئىدى.

ئوكۇل ئارقىلىق ئەمەتنىڭ بەدىنىگە كىرگەن تۇبېركۇليوز مىكروبلىرىنى يوقاتقۇچى مىكروب بىلەن تۇبېركۇليوز مىكروبى ئوتتۇرىسىدا هايات ـ ماماتلىق ئېلىشىش باشلاندى. تۆۋەندە سوئال ـ جاۋابمۇ بولدى.

ــــ سەن ئەمەتنىڭ بەدىنىگە قانداق كىردىڭ؟ نەچچە كۈندىن بۇيان ئۇنى بىئارام قىلىپ، ئۆپكىسىنى ئىششىتىپ دوختۇرخانىغا كىرىشكە مەجبۇر قىلدىڭ. ئەمەت مەكتەپكىمۇ بارالمىدى. دەرستىنمۇ قالدى. بۇنىڭغا سەن جاۋابكار، ــــ دېدى مىكروب يوقاتقۇچى ئۆپكە تۇبېركۇليوز مىكروبىنىڭ ئالدىنى توسۇپ غەزەپلەنگەن هالدا، ــــ شۇڭا سېنى يوقىتىش كېرەك!

ــــ مەن جاۋابكار ئەمەس، ــــ دېدى تۇبېركۇليوز مىكروبى، ــــ بۇنىڭغا ئەمەتنىڭ ئۆزى جاۋابكار. مەن ئۇنىڭ ئۆز قولى بىلەن بەدىنىگە كىرگەن.

ــــ قانداق كىردىڭ؟ بۇنى ئەمەت بىلمەدىمۇ؟ ــــ سورىدى ئوكۇل

ئارقىلىق بەدەنگە كىرگەن مىكروب يوقاتقۇچى.

— بۇنى ئەمەت قانداق بىلسۇن؟ ئەمەت بىر ئايدىن بۇيان قولىنىڭ تىرنىقىنى ئالمىدى. تىرناق ئاستىغا كىر تولۇپ كەتتى. ئۇ كىر ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ تىرنىقىنىڭ ئاستىدا مەن تۇبېركۇليوز مىكروبى، ئۇچەي ياللۇغى، بوغۇم ياللۇغى، يىرىڭلىق تېرە ياللۇغى، تولغاق، كېزىك، مەددە قاتارلىق ئوتتۇز نەچچە خىل كېسەلنىڭ نەچچە مىليون مىكروبى بار ئىدۇق. بۇنىڭدىن ئون نەچچە كۈن ئىلگىرى ئەمەت مەكتەپتىن قايتىپ كەلدى - دە، ئۆيدە ئادەم يوقلۇقىنى كۆرۈپ ئىشكاپنى ئېچىپ چىنىگە ئېلىپ قويغان ھەسەلنى قولىدا ئېلىپ يېدى. ھەسەلنى يەپ بولۇپ قولىدىكى ھەسەل يۇقىنى يالىدى ھەم قولىنى شورىدى. شۇ چاغدا مەن ئەمەتنىڭ بەدىنىگە كىرىپ كەتتىم، — دەپ جاۋاب بەردى تۇبېركۇليوز مىكروبى ئۆزىنى ئاقلاپ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئوكۇل ئارقىلىق ئەمەتنىڭ بەدىنىگە كىرگەن مىكروب يوقاتقۇچى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. بۇ چاغدا ئەمەتنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ ھوشىدىن كەتتى. دوختۇرلار جىددىي قۇتقۇزۇش ئېلىپ بېرىپ ئەمەتكە ئىككى تال ئوكۇل ئۇردى. ئوكۇل ئاستى. شۇنىڭ بىلەن ئەمەتنىڭ بەدىنىگە كىرگەن تۇبېركۇليوز مىكروبىنى يوقاتقۇچى مىكروبنىڭ سانى ئېشىپ، كۈچى زورىيىپ دەرھال ھوجۇمغا ئۆتۈپ تۇبېركۇليوز مىكروبلىرىنى يوقىتىشقا باشلىدى. بەزى تۇبېركۇليوز مىكروبلىرى جان تالىشىپ:

— بىز ئۆزىمىزچە كىشىلەردە كېسەل پەيدا قىلمايمىز. كىشىلەر تىرنىقىنى پات - پات ئېلىپ تۇرسا، تاماقتىن بۇرۇن، تاھارەتتىن كېيىن قولىنى يۇيسا، ئورۇن - كۆرپە، كىيىم - كېچەك، قاچا - قۇچا شۇنداقلا بەدىنىنى پاكىز تۇتسا بىز قانداق قىلىپ ئادەملەرنىڭ بەدىنىگە كىرەلەيمىز؟

بىر تۇبېركۇليوز مىكروبى ئۆلۈش ئالدىدا:

— كېسەل بولۇپ قېلىشنى، بولۇپمۇ يۇقۇملۇق كېسەل بولۇپ

قېلىشنى خالىمايدىغانلار جان دىلى بىلەن تازىلىقنى سۆيسۇن، — دېدى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتتى. ئەمەتنىڭ بەدىنىدىكى تۇبېركۇليوز مىكروبلىرى يوقىتىلدى. ئەمەتمۇ ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى. بىراق ئۇ يەنە تىرناقلىرىنى ئالماپتۇ. ھەي...

كىچىك دوستلار، ئەمەتنىڭ تىرنىقىنى ئالمىغىنى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى مىكروبلار سۆزلەشكەندە ئەمەت ھوشسىز ئىدى ئەمەسمۇ؟ شۇڭا مەن ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن بۇ ھېكايىنى يازدىم. ئۇ بۇ ھېكايىنى قېتىرقىنىپ ئوقۇپ باقسۇن. سىلەرمۇ كۆڭۈل دەپتىرىڭلارنىڭ بىرىنچى بېتىگە «تەن ساقلىق زور بايلىق، تەن ساق بولسا ھەممە ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ» دەپ يېزىۋېلىڭلار ھەم ئۇنى دائىم ئوقۇپ تۇرۇڭلار!...

# قارلىغاچ

باھار كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بىز ئايۋان ئۆيدە چۈشلۈك تاماق يەپ ئولتۇراتتۇق. ھويلىدا تۇيۇقسىز «ۋىچ - ۋىچ - ۋىچ» قىلىپ قارلىغاچنىڭ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مانا دېمىدىممۇ، سېنىڭ قارلىغىچىڭ كەلدى، — دېدى دادام ئىشتىك ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا قاراپ مېڭىۋېتىپ.

— راست كەلگەنمىدۇ؟

مەنمۇ ئىشتىك ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە، دادامغا ئەگىشىپ ھويلىغا چىقتىم. راست دېگەندەك تۆت قارلىغاچ ھويلىدىكى پېشايۋاننىڭ ئىككى تۈۋرۈكىگە تارتىپ قويۇلغان سىمدا ئولتۇراتتى. قارلىغاچلار بىزنى كۆرۈپ ھۈركۈپ كەتمەي بويۇنلىرىنى ھەر تەرەپكە لىڭشىتىپ «ۋىچ - ۋىچ» قىلىپ سايراپ بىز بىلەن سالاملاشتى.

— دادا، مېنىڭ قارلىغىچىممۇ باركەن.

مەن بىر پۇتىغا سېرىق قەلەي يۆگەپ قويغان قارلىغاچنى كۆرۈپ ۋارقىرىۋەتتىم. مېنىڭ خۇشال بولۇپ ۋارقىرىغىنىمنى ئاڭلاپ ئاناممۇ ئۆيدىن چىقتى.

— مەن دېمىدىممۇ، — دېدى دادام، — قارلىغاچ ئىنتايىن ۋاپادار جانىۋار. ياخشىلىقنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ. بىر ئۆيدە بىر يازنى خاتىرجەم ئۆتكۈزسە، كېلەركى يىلى يەنە شۇ ئۆيگە كېلىدۇ. بۇلتۇر قارلىغاچنىڭ بالىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويغان بولساڭ، بۇ يىل قارلىغاچلار ھەرگىزمۇ كەلمەيتتى.

دادامنىڭ بۇ سۆزى بىلەن بۇلتۇرقى بىر ئىشنى ئەسلەپ قالدىم.

بۇلتۇر باھار كېلىشى بىلەن دادام، ئايۋان ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ ئۈستىدىكى پارامۇكتىن بىر كۆزئەينەكنى ئېلىۋەتتى.

— يەنە قارلىغاچ ئۇۋۇلىسۇن دەمسىز؟ — دېدى ئانام نارازى بولۇپ، — ئۇ بىر نېمىلەر ۋىچىرلىشىپ سەھەردە ئۇيقۇنى بۇز-

غان، پەگادا چىچىپ قويغىنى تېخى، ئو... هوي...

— قارلىغاچلار سايراپ سەھەردە ئويغىتىۋەتسە ياخشى ئەمەسمۇ؟ كونىلار: «سەھەر تۇرۇش سائادەت» دەپتىكەن. بالدۇر يېتىپ، سەھەر تۇرغان ئادەمنىڭ چىرايى نۇرلۇق، كۆزى روشەن، تېنى ساغلام بولىدۇ. ۋاقتىدا تاماق يەپ، ۋاقتىدا خىزمەتكە بارالايدۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدى دادام كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئانام باشقا گەپ - سۆز قىلمىدى. ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتۈپ راست دېگەندەك بىر جۈپ قارلىغاچ ئايۋان ئۆينىڭ تورۇكىگە قېقىپ قويۇلغان تاختاينىڭ ئۈستىگە ئۇۋا ياساشقا باشلىدى.

قارلىغاچلار دەسلەپ تۆت بالا چىقىرىپ، بالىلىرىنى ئۇچۇرۇپ چىقىپ كەتتى. ئىككىنچى قېتىم بەش بالا چىقاردى. بىر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ ئۆيگە كىرىشىم بىلەن ئىككى چوڭ قارلىغاچ ۋىچىرلاپ سايراپ، ئەتراپنى چۆرگىلەشكە باشلىدى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەي ئەتراپىمغا قارىسام، بىر قارلىغاچ بالىسى ئۇۋىدىن يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ يۈرىكىم «جىغ» قىلىپ قالدى. چۈنكى مەن «قارلىغاچ بالىسىنى تۇتسا قولى تىترەيدىغان بولۇپ قالارمىش» دېگەن گەپنى ئاڭلىغانىدىم. ئەمدى قانداق قىلسام بولار؟ ھەي ...

ئىككى چوڭ قارلىغاچ بارلىق ئاۋازى بىلەن سايراپ، ئەتراپىمنى ئايلانغىنى ئايلانغانىدى. شۇ چاغدا دادام خىزمەتتىن قايتىپ كەلدى.

— ياخشى يەرگە چۈشۈپ ئۆلۈپ قالماپتۇ، بۇ جانىۋار، — دېدى دادام پەگادىكى قارلىغاچ بالىسىنى قولىغا ئېلىپ.

— دادا ئالماڭ، قارلىغاچ بالىسىنى تۇتسا قولى تىترەيدىغان بولۇپ قالارمىش، — دېدىم مەن ئەنسىرەپ.

— قۇرۇق گەپ، — دېدى دادام، — نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بولسۇن. بىلسەڭ قارلىغاچ ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق قۇش. ئۇ بىر كۈندە 10 مىڭدىن 20 مىڭغىچە پاشا، كومۇتا، چىۋىنلەرنى تۇتۇپ يەيدۇ. پاشا، كومۇتىلار ئادەم قېنىنى شورىغۇچىلار بولۇپلا قالماي ھەر خىل كېسەللىكلەرنى تارقاتقۇچى. شۇڭا بۇرۇن ئۆتكەن

لەر قارلىغاچنىڭ شۇنداق خاسىيىتىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ «قارلىغاچنى ئۇتساڭ قولۇڭ تىترەيدىغان بولۇپ قالىدۇ» دېيىش ئارقىلىق قارلىغاچنى خالىغانچە ئۇتماسلىقنى تەۋسىيە قىلىغان. ۋاپادارلىقتىمۇ قارلىغاچقا يېتىدىغان جانىۋار يوق بالام.

دادام قارلىغاچ بالىسىنى ماڭا بېرىپ، كىچىك بىر سېرىق قەلەي پارچىسىنى كېسىپ كېرىپ، قارلىغاچ بالىسىنىڭ بىر پۇتىغا يۆگەپ قويىدى.

— قاراپتۇر، كېلەر يىلى باھاردا مۇشۇ قارلىغاچ بىزنىڭ ئۆيدە ئۇۋا سالىدۇ.

دادام شۇنداق دېگەچ قارلىغاچ بالىسىنى ئۇۋىسىغا ئېلىپ قويدى. ئىككى چوڭ قارلىغاچ ئۇۋىسىنىڭ بېشىغا قونۇپ ئولتۇرۇپ، ھېلىقى چۇشۇپ كەتكەن بالىسىغا بەس ـ بەس بىلەن يېمەكلىك بېرىشكە باشلىدى.

مەن بۇ ئىشنى خېلى كۆڭلەرگىچە ساۋاقداشلىرىمغا سۆزلەپ بەردىم. لېكىن بەزى ساۋاقداشلىرىم ئۇ قارلىغاچ بالىسىنىڭ كېلەر يىلى كېلىدىغانلىقىغا تازا ئىشەنمىدى. بىراق ئۇ قارلىغاچ بالىسى بۇ يىل باھاردا راستتىنلا كەپتۇ.

مەن شۇلارنى ئويلىدىم ـ دە، سىرتقا قاراپ يۈگۈردۈم. مەن مەھەللىدىكى 5 ～ 6 ساۋاقدىشىمنى باشلاپ كىرگىنىمدە، دادام يەنە ئايۋان ئۆينىڭ ئىشىكى بېشىدىكى پاراموكنىڭ بىر كۆزئەينىكىنى ئېلىۋەتكەن بولۇپ، تۆت قارلىغاچ بۇلتۇرقى ئۇۋىسىنىڭ بېشىغا قونۇپ ئولتۇرۇپ ۋىچىرلاشماقتا ئىدى.

— قاراڭلار، ئاۋۇ مېنىڭ قارلىغىچىم، — دېدىم مەن بالىلارغا پۇتىغا سېرىق قەلەي يۆگەكلىك قارلىغاچنى كۆرسىتىپ.

— راست، قارلىغاچ ھەقىقەتەن ۋاپادار ئىكەن. بۇلتۇر بۇ ئىشنى سەندىن ئاڭلاپ تازا ئىشەنمىگەنىدۇق، — دېيىشتى بالىلار قارلىغاچلارغا قاراپ، — بىزمۇ ئۆيىمىزگە ئۇۋا ياساپ قويايلى.

بالىلار چىقىپ كېتىشتى. مەنمۇ ئىككى تاختاي ياساپ پېشايۋاننىڭ ئىككى تورۇكىگە بىردىن مىخلاپ قويدۇم.

# تاپشۇرۇق

مۇشۇ مۇئەللىمنى نېمە دېسەم بولار؟ يېزىقچىلىق قابىلىيەتلىرىنى ئۆستۈرىمەن دەپ، بىر دەرسنى ئۆتىدۇ ـ دە، «مۇشۇ تېكىستكە تەقلىد قىلىپ ماقالە يېزىڭلار، قوشاق يېزىڭلار، چۆچەك يېزىڭلار» دەپ تاپشۇرۇقنى بېرىۋېرىدۇ. ئالدىنقى ھەپتىدىكى دەرستە «مايمۇنچاق» دېگەن مەسەلنى دەرس قىلىپ ئۆتۈپ، دەرس ئاخىرىدا مەسەل يېزىپ كېلىڭلار دەپ تاپشۇرۇق بەرگەنىدى، مەن بىرمۇنچە ئويلىنىشلاردىن كېيىن «توشقانچاق» دېگەن بىر مەسەلنى يېزىپ ئاران 60 نومۇر ئالغانىدىم. بۈگۈن مۇئەللىم يەنە چۆچەكتىن دەرس ئۆتۈپ، دەرس ئاخىرىدا يەنە چۆچەك يېزىپ كېلىڭلار دېدى، بېشىمغا يەنە غەم چۈشتى. مەن چۆچەك بىلمىسەم قانداق يازىمەن؟

باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ دەرسلىكىدىن كۆچۈرۈپ يازاي دېسەم ۋىجدانىم كۆتەرمەيدۇ. مۇئەللىم بىلىپ قالسا تېخىمۇ سەت تۇرىدۇ. ساۋاقداشلىرىم: «سەن تولۇقسىز ئوتتۇرا ئوقۇغۇچىسى تۇرۇپ باشلانغۇچنىڭ دەرسىنى كۆچۈرۈپسەن دەپ مازاق قىلىشىدۇ. شۇڭا ھەرقانچە ئويلاپمۇ بىر چۆچەك يازالماي بېشىمنىڭ ئىچىمۇ ـ تېشىمۇ قېتىپ كەتتى. مۇئەللىم: «ئاتا ـ ئانىڭلاردىن، بوۋا ـ موماڭلاردىن سوراپ يېزىپ كەلسەڭلارمۇ بولىدۇ» دېگەنىدى. بىراق مېنىڭ بوۋام ـ مومام يوق. ئۇلار مەن چوڭ بولغۇچە ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. دادامدىن، ئانامدىن سورىسام بولغۇدەك.

ـــ دادا، مۇئەللىم بىر چۆچەك يېزىپ كېلىڭلار دەپ تاپشۇرۇق بەرگەنىدى. بىر چۆچەك ئېيتىپ بەرگىنە؟

ـــ ماڭ ـ ماڭ، مەن چۆچەك بىلمەيمەن. ئاناڭ ئېيتىپ بەر-

سۇن! — دېدى دادام تېلېۋىزوردىن كۆز ئۈزمەي ئولتۇرۇپ.

— ئانا، بىر چۆچەك ئېيتىپ بەرگىنە، تاپشۇرۇق ئىشلەيتتىم، — دېدىم ئانامنىڭ يېنىغا كىرىپ.

— ماڭ - ماڭ، مەن بىر ئولتۇرۇشقا بېرىشقا ئالدىراۋاتىمەن، — دېدى ئانام گىرىم ئەينىكى ئالدىدا لەۋلىرىگە قىزىل بوياق سۈركەۋېتىپ.

يۈرۈگۈم ئېچىشتى. دادام بىلەن ئانام ھازىرقى زاماندا ئۆسۈپ چوڭ بولغان كىشىلەر بولغاچقا، ئۇلار چۆچەك ئېيتىش ئەمەس «ياخشى ئوقۇ بالام» دېيىشنى، تورلۇك ئولتۇرۇشلارغا بېرىشنى، مودا كىيىم كىيىشنى، مائاش يەتكۈزەلمەي قاقشاشنى، تېخى مېنى قارىتىپ قويۇپ بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇشنى، تېلېۋىزور كۆرۈشنىلا بىلىدىكەن.

ئەتىسى مەن:

— مەكتەپكە بارمايمەن، — دېدىم.

— نېمىشقا بارمايسەن؟ — سورىدى دادام.

— چۆچەك يېزىش تاپشۇرۇقىنى بوگۈن يىغىدۇ. مەن چۆچەك يازالمىسام، — دېدىم.

دادام سۆزۈمنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ كەتتى ۋە:

— بىزنى كەچۈر، بىز راستتىنلا چۆچەك بىلمەيمىز. مەكتەپكە ماڭىدىغان يول بويىدا سائادەتخان دەيدىغان بىر موماي بار. كىشىلەر شۇ مومايىنى چۆچەك ئېيتىشقا ئۇستا دېيىشىۋاتاتتى. مەن سېنى باشلاپ باراي...

دادام مېنى ۋېلسىپىتكە مىندۈرۈپ سائادەتخان مومايىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كەلدى. چاچلىرى ئاپپاق، كۆزلىرى پىلىلداپ قالغان سائادەتخان موماي بىزنىڭ كېلىش مەقسىتىمىزنى بىلگەندىن كېيىن كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— بالىنى ئېلىپ كەلگەنلىرى ئوبدان بولۇپتۇ. بىكار ۋاقىت تاپسىلا كەلسۇن. مەن چۆچەك ئېيتىپ بېرەي، بالىلارنىڭ ئەقىل -

پاراستى چۆچەك ئارقىلىق ئېچىلىدۇ، ئاتا - ئانا بولغۇچى بۇنى بىلمىسە بولمايدۇ، ــ دېدى.

سائادەتخان موماينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ دادامنىڭ يۈزى ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى.

سائادەتخان موماي ماڭا «ئەقىللىك بالا» دېگەن بىر چۆچەكنى ئېيتىپ بەردى. مەن چۆچەكنى يېزىۋېلىپ مەكتەپكە كەتتىم. كەچتە مەكتەپتىن قايتىپ كەلسەم شىرە ئۈستىدە بىر دەستە «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» دېگەن كىتاب تۇرۇپتۇ. دادام بولسا بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى قىسمىنى ئوقۇۋېتىپتۇ.

# رەگەتكە

ئۆيدە بىرنەرسە يېزىپ ئولتۇراتتىم. قوشنىمىز سادىر ئالدىراپقىنە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ جىددىيچىلىك چىقىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ قورقۇپ كەتتىم. نېمە ئىش بولغاندۇ؟ شۇ چاغدا سادىر:

— تاھىرجاننى دوختۇرخانىغا ئەكىرىدىغان ئىش بولۇپ قالدى. مەن ئۇنى تۇتۇپ ئولتۇراي، ئېغىر كۆرمەي موتوسىكلىتىڭىز بىلەن ئەكىرىپ قويغان بولسىڭىز؟ — دېدى.

— تېخى بايىلا ئىشىك ئالدىدا رەگەتكىگە تاش سېلىپ قۇچقاچ سوقۇمەن دەپ يۈرەتتىغۇ؟ ئەمدە نېمە بولۇپ ...

مەن قىلغىلى گەپ تاپالماي قالدىم. سادىر:

— ھەي، شۇ رەگەتكىنىڭ ئىشى بولمامدۇ. بىر قۇچقاچنى چەنلەپ رەگەتكىنى تازا بىر سوزغانىكەن، رېزىنكىسى ئۈزۈلۈپ كېتىپ كۆزىگە تېگىپتۇ. كۆزلىرىدىن بولسا قان چىقىپ كېتىپتۇ. قارىغۇ بولۇپ قالمىغىيدى دەپ ئەنسىرەپ كېتىۋاتىمەن.

— خۇدايىم، ئۇنداق بولماس!

مەن موتوسىكلىتنى ئېلىپ ئىشىك ئالدىغا چىقتىم. سادىرمۇ تاھىرجاننى كۆتۈرۈپ ئىشىك ئالدىغا چىقتى. ئۈچىمىز بىر موتوسىكلىتقا مىنگىشىپ ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا باردۇق ۋە نومۇر ئېلىپ كۆز كېسەللىكلىرى بۆلۈمىگە كىردۇق. تاھىرجاننىڭ چىرايلىرى سارغىيىپ كەتكەن بولۇپ، زەخملەنگەن كۆزىدىن قان چىقىپ تۇراتتى. تاھىرجان ئاغرىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەي توختىماي ۋايجانلايتتى.

— چاتاق بوپتۇ، — دېدى دوختۇر تاھىرجاننىڭ كۆزىنى تەك-

شۇرۇپ كۆرۈپ، — بالىنىڭ كۆزىنىڭ قارىسى تىتىلىپ كېتىپتۇ. بىزنىڭ دوختۇرخانىمىزدا بۇنى داۋالاش ئىمكانىيىتى يوق. ۋىلايەت. لىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بېرىڭلار، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى.

بىز دوختۇرخانىدىن خۇددى بىرسى ھەيدەپ ماڭغاندەك ئېغىر قەدەملەر بىلەن مېڭىپ چىقتۇق ـ دە، قاتناش بېكىتىگە كەلدۇق.

— يېنىڭىزدا پۇل بارمۇ؟ — دېدى سادىر ئاپتوبۇسقا چىقىش ئالدىدا ماڭا قاراپ خىجىل بولغان ھالدا.

— بىرەر مىڭ يۈەن بارمىكىن، — دېدىم مەن.

— مەندىمۇ ئىككى مىڭ يۈەن بار، ئىككىسىنى قوشساق داۋالىتىشقا يېتىپ قالار، — دېدى سادىر.

— شۇنداق قىل، ھەممىدىن تاھىرجاننىڭ كۆزى مۇھىم.

مەن يېنىمدىكى پۇلنى ئېلىپ سادىرغا بەردىم. سادىر ئوغلىنى ئېلىپ ۋىلايەتكە كەتتى. مەنمۇ ئۆيگە قايتىپ چىقتىم ـ دە، سادىر. نىڭ ئايالىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ قويدۇم.

— ھەي، ئەمدى قانداق قىلارمىز؟ — دېدى سادىرنىڭ ئايالى، — تاھىرجان ئەتىگەن بىر قوچقاچنى كاۋاپ قىلىپ يېدۇردى. مانا ئەمدى يەنە بىرنى سوقىمەن دەپ بۇ ئىش يۈز بېرىپتۇ.

— بولدى، خاپا بولماڭ، سىزنىڭمۇ سالامەتلىكىڭىز ياخشى ئە. مەس. بۇنداق بولۇشنى كىم ئويلىغان دەيسىز؟ تاھىرجاننىڭ كۆزى ئوڭشىلىپ كېتىدۇ، — دېدىم تەسەللى بېرىپ.

ئۆيگە قايتىپ كىردىم. مېنىڭمۇ كۆڭلۈم غەش ئىدى. كەچتە بۇ ۋەقەنى بالىلىرىمغا سۆزلەپ بېرىپ رەگەتكە ئوينىماسلىق توغرى. سىدا تەربىيە بەردىم.

ئۈچ كۈن ئۆتۈپ سادىر قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە ۋىلا. يەتتىكى دوختۇرخانىلارمۇ تاھىرجاننىڭ كۆزىنى تەكشۈرۈپ كۆ. رۈپ، «كۆزنىڭ قارىسى تىتىلىپ كېتىپتۇ، ئەمدى كۆز ئەسلىگە كەلمەيدۇ. ئون مىڭ يۈەن تاپشۇرساڭلار ساق كۆزگە ئوخشاش يالغان

كۆز سېلىپ قويىمىز» دېيىشىپتۇ.

سادىردىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ مېنىڭمۇ ئۇنىڭ ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى. سادىر توختىماي ئۇھ تارتاتتى. ئۇن مىڭ يۈەن پۇل خەجلەڭ، يەنە يالغان كۆزگە ئېرىشىڭ! ھەي، بۇ نېمە دېگەن ئېغىر ئازاب ـ ھە؟

بەلكىم، تاھىر شۇ رەگەتكىنى ئوينىمىغان بولسا بۇ ئىشلارمۇ يۈز بەرمەس ئىدى.

# ھاكىمنىڭ قىزى

بىرىنچى سىنىپقا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار بىلەن تونۇ-شۇپ ئەڭ ئاخىردىكى پارتىدا ئولتۇرغان قىزنىڭ يېنىغا كەلدىم-دە، سورىدىم:

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— ئامىنەم.

— دادىڭىزنىڭچۇ؟

— ساۋۇت مامۇت.

— ئولتۇرۇشلۇق ئورنۇڭلار قەيەردە؟

— خەلق ھۆكۈمىتى ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا.

مەن ئامىنەمدىن سوئاللارنى سوراپ بولۇشۇمغا، ئامىنەمنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان قىز:

— مۇئەللىم، ئامىنەم ناھىيەمىزگە يېڭى كەلگەن سا شەنجاڭ-نىڭ قىزى بولىدۇ، — دېدى.

ئامىنەم يېنىدىكى قىزنى نوقۇپ قويدى-دە، يۈزلىرى قىزى-رىپ يەرگە قاراۋالدى. ئامىنەمنىڭ بۇ قىلىقىدىن ئۇنىڭ مەنمەنچى ئەمەس، يۇزى تۆۋەن قىز ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. مەن ئامى-نەمگە قاراپ كۈلۈپ قويۇپ يېنىدىكى قىزدىن سورىدىم:

— سىزنىڭ ئىسمىڭىز نېمە؟

— روشەنگۈل.

— دادىڭىزنىڭچۇ؟

— باجۇرىن.

— خەلق ھۆكۈمىتىدىكى باسمىت كېرىممۇ؟

— ھەئە.

روشەنگۈل مەن سورىغان ھەربىر سوئالغا جاۋاب بەرگەندە سىـ-
نىپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا بىر قاراپ قويىاتتى ۋە كۈلەتتى. بۇنىڭدىن
بۇ كىچىك قىزنىڭ ئۆزىنىڭ بىر مۇدىرنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى
كۆز ـ كۆز قىلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. نېمىشقا ئامىنەم ئۆ-
زىنىڭ ھاكىمنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى ئېيتمايدۇ. روشەنگۈل بولسا
ئۆزىنىڭ بىر مۇدىرنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى كۆز ـ كۆز قىلىدۇ؟
توۋا ماۋۇ جاھاننى!...
مېنىڭ بۇ سىنىپنى ياخشى باشقۇرۇشۇم تەستەك قىلاتتى.
شۇنداقتىمۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ، ئوخشاش
تەلەپ قويۇپ، ياخشىلىرىنى ماختاپ، ناچارلىرىنى تەنقىدلەپ خىز-
مىتىمنى ئىشلەۋەردىم. روشەنگۈل ئامىنەمنى كۆرسىلا «ۋاي ئامى-
نەم» دەپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتەتتى. باشقا بالىلارغا بولسا بوي-
نىنى ئاغمىخاننىڭ بويىنىدەك غادايتىپ، دىمىقىدا «خې» قىلىپ قو-
ياتتى. باشقا ئوقۇغۇچىلار روشەنگۈلگە بىرەر ئېغىز سۆزنى ئارتۇق
قىلالمايتتى. بالىلار روشەنگۈل تالاشقان نەرسىنى بەرمەيدىغان
بولسا، ئۇ يىغلىغان پېتى ئۆيىگە كېتەتتى.
بىر كۈنى ئەتىگەنلىك ئۆگىنىشكە روشەنگۈل كېچىكىپ كەل-
دى. ئۇنى ئازراق تەنقىد قىلدىم. كىم بىلسۇن؟ شۇ سائەتتىكى تە-
نەپپۇستا ئوقۇغۇچىلار «روشەنگۈل ئۆيىگە كەتتى» دەپ ئىشخانىغا
كىرىشتى. مەن دەم ئېلىش ۋاقتى تۈگىشى بىلەن سىنىپقا كى-
رىپ، بالىلارغا يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار دەپ ئىككى ھەرپ يېزىپ
بېرىپ روشەنگۈلنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئىشىكنى بىرقانچە قېتىم
چەككەندىن كېيىن باستى مۇدىر چىقىپ مېنىڭ باش ـ ئايىغىمغا
بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:
ـــ ھە، نېمە دەيسىز؟ ـــ دېدى.
ـــ روشەنگۈل مەكتەپتىن قايتىپ كېتىپتىكەن. چاقىرغىلى كەل-
گەنىدىم، ـــ دېدىم مەن.
ـــ ھە، سىز روشەنگۈلنىڭ مۇئەللىمىمۇ؟ ـــ دېدى ئۇ تەلەتنى

ئۆزگەرتىپ.
— ھەئە.
— ھىم، — دېدى ئۇ، — سىز بالىلارغا چىرايلىق تەربىيە قىلماي تىللىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىشنى سادىر قىلماڭ، بولمىسا! ... بوپتۇ، بۈگۈنچە بالىنى ئېلىپ كېتىڭ!
ئۇ روشەنگۈلنى ئۆيدىن چاقىرىپ ئېلىپ چىقىپ بەردى.
بىر كۈنى ئاممام مەكتەپكە كەلمەي قويدى. مەن چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئىشىكنى چېكىشىم بىلەن ساۋۇت ھاكىمنىڭ ئايالى ئىشىكنى ئاچتى.
— مەن ئاممام قىزنىڭ مۇئەللىمى بولىمەن. ئۇ بۈگۈن مەك-تەپكە بارمىدى. شۇڭا كېلىشىم، — دېدىم.
— ۋۇي مۇئەللىم، ئۆيگە كىرسىلە، — دېدى ساۋۇت ھاكىممۇ ئۆيدىن چىقىپ.
مەن ھاكىمنىڭ باشلىشى بىلەن ئۆيگە كىردىم. ئاممام چىراي-لىرى سارغايغان ھالدا ياتاتتى. ئۇ مېنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋېدى، مەن «قوپماڭ» دەپ توسۇۋالدىم.
— مۇئەللىم، — دېدى ساۋۇت ھاكىم مېنى كىرسىلوغا باشلاپ چاي قۇيغاندىن كېيىن، — ئاممام زۇكام تېگىپ قىزىپ قاپتۇ. ئەتىگەن ئاچىسى ئۇكۇل ئۇرۇپ قويدى. دورىمۇ ئىچتى. مەن چۈش-تىن بۇرۇن مەكتەپكە بېرىپ ئەھۋالنى دەپ قويارمەن دېگەنتىم، يىغىن بولۇپ قېلىپ يېتىشەلمەي قالدىم. چۈشتىن كېيىنمۇ بول-سا بارالماي دەپ تۇرسام ئۆزلىرى ئاۋارە بولۇپ كەپتىلا، كەچۈرسى-لە؟!...
— دادا، مۇئەللىم بالىلار بىرەر كۈن مەكتەپكە كەلمىسە بېرىپ سۈرۈشتۈرىدۇ، — دېدى ئاممام دادىسىغا قاراپ.
— بالىلارنى شۇنداق قىلىپ مەكتەپكە كۆندۈرۈۋالمىساق بول-مايدۇ - دە، ھاكىم، ياق، سا شەنجاڭ، — دېدىم دۇدۇقلاپ.

— مۇئەللىم، — دېدى ئامىنەم سۆزگە ئارىلىشىپ، — سا شەنجاڭ دىسىلە دادامنىڭ ئاچچىقى كېلىدۇ. بىزگىمۇ سىلەر كىم-نىڭ بالىسى دېسە ساۋۇت ماموتنىڭ دەڭلار، مەنمەنچىلىك قىلـ-ماڭلار، ئالاھىدە بولۇۋالماڭلار، ياخشى ئۆگىنىڭلار دەپ تەربىيە قى-لىدۇ.

— شۇنداق ھاكىم، — دېدىم مەن دىلىم سۆيۈنگەن ھالدا.

ھەش-پەش دېگۈچە ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ئوقۇغۇچىلاردىن باسقۇچلۇق ئىمتىھان ئېلىنىدى. مەن بىرنەچچە كۈن تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن ئاتا-ئانىلارغا «ئاتا-ئانىلار سۆھبەت يىغىنى»غا قاتنىشىپ بېرىش توغرىسىدا تەكلىپ يېزىپ بالىلاردىن ئاتا-ئانىلارغا ئەۋەتتىم. ئەتىسى يىغىنغا ھەممىدىن ئاۋۋال ساۋۇت ھا-كىم كەلدى. باشقا ئاتا-ئانىلارمۇ ئارقا-ئارقىدىن كەلدى. بىرلا روشەنگۈلنىڭ دادىسى كەلمىدى. مەن ساقلاۋېرىپ ئاخىرى يىغىنىنى باشلاي دەپ تۇرۇشۇمغا سىنىپنىڭ بوسۇغىسىدا چاپىنىنىڭ يېڭىنى سايىغان، ئىككى قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا سالغان باسىت مۇ-دىر پەيدا بولدى-دە، سىنىپقا گىدەيگەن ھالدا كىرىپ ئولتۇرغان ئاتا-ئانىلارغا ئاغزىنى ئۇچلاپ قارىۋېتىپ بىردىنلا رەڭگى ئۆڭۈپ كەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ كۆزى ئۆزىگە قادىلىپ قاراپ تۇرغان ساۋۇت ھاكىمنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانىدى. ئۇ دەرھال چىرايى-غا كۈلكە يۇگۇرتۇپ:

— سا شەنجاڭمۇ كەپتۇ-دە، — دېگىنىچە ھاكىمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

مەن سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ نەتىجىسىنى سۆزلىگەندىن كې-يىن بالىلارنىڭ ئىمتىھان قەغىزىنى ئاتا-ئانىلارغا تارقىتىپ بەردىم. باسىت مۇدىر قولىدىكى روشەنگۈلنىڭ 30 نومۇرلۇق ئانا تىل، 20 نومۇرلۇق ماتېماتىكا ئىمتىھان قەغىزىنى كۆرۈپ قوشۇ-مىسىنى بىر تۈردى-دە، ساۋۇت ھاكىمنىڭ قولىدىكى ئامىنەمنىڭ 100 نومۇرلۇق ئانا تىل، 95 نومۇرلۇق ھېساب ئىمتىھان قەغىزى-

گە بويۇنداپ قارىدى. چىرايى بولسا بىردەمدىلا ئۆڭۈپ كەتتى. مەن يىغىن ئاخىرىدا سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا بەش نەپەر قىزىل بايراقدار سايلاپ چىقىشنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. بالىلار بىردەك: «ئامىنەم ساۋۇت بولسۇن، ئۇ كەمتەر، تىرىشچان، بالىلار بىلەن ئىناق ئۆتىدۇ، ھەممىمىزگە ياردەم بېرىدۇ» دەپ ئامىنەمنى بىرىنچى قېتىم كۆرسىتىشتى. بىرمۇ ئوقۇغۇچى روشەنگۈل بولسۇن دەپ كۆرسەتمىدى.

— ساۋاقداشلارنىڭ مېنى كۆرسەتكىنىگە رەھمەت. مەن كېسەل بولۇپ يېتىپ قېلىپ بىر كۈن دەرس قالدۇردۇم. سىنىپنىڭ ئومۇمىي نەتىجىسىگە تەسىر يەتكۈزدۈم. بايراقدار ئوقۇغۇچىغا بىر كۈنمۇ دەرس قالدۇرمىغان، ئۆگىنىشى ياخشى، ئىنتىزامى ياخشى ئوقۇغۇچىلارنى سايلايلى، — دېدى ئامىنەم ئورنىدىن تۇرۇپ.

مەن ئامىنەمنىڭ گېپى تۈگىگەندىن كېيىن ساۋۇت ھاكىمغا قارىدىم. ھاكىم كۈلۈپ ئولتۇراتتى. ھاكىمنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان باسىت مۇدىر بولسا كالپۇكىنى يالىغان بولۇپ چىشىنى چىشلەپ، قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ، روشەنگۈلنىڭ ئىمتىھان قەغىزىنى مۇجۇپ ئولتۇراتتى.

# مەن ئەسقېتىپ قالدىم

دەرۋازىنى ئېچىشىم بىلەن ھويلىدىن چىقىۋاتقان مەھەللە باشلىقى، بوغالتىر ۋە ئايال مەھەللە باشلىقى قاتارلىقلارنىڭ چىقىپ كېتىش ئۇچۇن ئىشىكنى ئېچىشى تەڭ كېلىپ قالدى.

— مانا، قىزىم سارىگولمۇ كەلدى. ئەمدى خاتىرجەم بولۇڭلار، — دېدى ئانام ئۇلارغا قاراپ.

مەن ئانامغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم. ئانام سارغىيىپ كەتكەن بولۇپ، كەچ كوزدىكى سېرىق ياپراقتەك تىترەپ تۇراتتى. ئۇكام ئانامنىڭ بىر قولىنى چىڭ تۇتۇۋالغانىدى، ئاناممۇ ئۇكامنىڭ دولىسىنى چىڭ تۇتۇۋالغانىدى.

مەھەللە باشلىقلىرى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئانامنىڭ سارغىيىپ كەتكەن مەڭزىنى بويلاپ ئىككى تامچە ياش ئېقىپ يەرگە چۈشتى. بىز ئانامنى يۆلەپ ئۆيگە كىرىپ ياتقۇزۇپ قويدۇق. ئانام بولسا توختىماي يۆتىلەتتى. ئۇكامنىڭ ئېيتىشىچە ئانام ئالتە كۈندىن بېرى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. بۈگۈن مەھەللە كادىرلىرى يوقلاپ كىرىشكەنىكەن.

— ئانا، كەنت دوختۇرىنى چاقىرىپ كېلەي، — دېدىم ئانامنىڭ يۆتىلى سەل بېسىققاندىن كېيىن، — ئاسىمگۇل ھەدەم 100 يۈەن، ھامام 50 يۈەن بەردى. مانا پۇل، — دەپ ئانامنىڭ قولىغا 150 يۈەننى تۇتقۇزدۇم.

— بارمىغىن بالام، ئوڭشىلىپ قالارمەن، — دېدى ئانام ۋە يەنە قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى.

— ياق ئانا، سېنى داۋالىتىپ ساقايتمىساق بولمايدۇ.

مەن ئانامنىڭ توسقىنىغا قارىماي كەنت دوختۇرىنى چاقىرىپ

كەلدىم. دوختۇر ئانامنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ:
— ئاناڭلارنىڭ تېنى بەك ئاجىز ئىكەن. سوغۇق ئۆتۈپ ئۆپكىسى ئىششىپ قاپتۇ. جىددىي داۋالىمىساق بولمايدۇ، — دېدى ۋە تۆت شېشە دورا بىلەن ئون تال ئوكۇلنى ئالدىمىزدا قويدى - دە، بىر تال ئوكۇلنى ئانامغا ئۇرۇپ قويدى. بىز بۇ دورا - ئوكۇللار ئۈچۈن 100 يۈەن تۆلىدۇق. دوختۇر ئەتە يەنە كېلىپ ئوكۇل ئۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتىپ چىقىپ كەتتى. مەن مەھەللىدىكى قاسساپتىن ئىككى جىڭ گۆش ئەكىرىپ ئانامغا شورپا قىلىپ ئىچكۈزدۈم.
كەچ كىردى، ياتتۇق. كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى. ئۆز ئەمگىكىم بىلەن پۇل تېپىپ ئانامنى داۋالىتالىغىنىمدىن، گۆش ئېلىپ يېگۈزەلىگەنلىكىمدىن تولىمۇ خۇشال ئىدىم.

× × × ×

بۇ يىل يازلىق تەتىلدە ئانام بىلەن بىللە شەھەردىكى هاممامنىڭكىگە كىرگەنىدىم. ئەتىسى ئانام يېزىغا چىقىپ كەتتى. هاممام:
— قىزىم، داداڭ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاناڭ ئىككى بالا بىلەن تولىمۇ قىينىلىپ قالدى. بىزمۇ كۆپ ياردەم قىلالمىدۇق. ئۆي سالىمىز دەپ قولىمىز قىسقا بولۇپ قالدى. ئاناڭ بىلەن دېيىشتىم، سېنى ئېلىپ قېلىشتىكى مەقسىتىم قوشنىمىز ئاسىمگۈلنىڭ ئۈچ ياشقا كىرگەن بىر قىزى بار. بالا باققۇچى تاپالماي تۇرمۇش ۋە خىزمەتتە تولىمۇ قىينىلىپ قالدى. قىشلىق تەتىل توشقۇچە شۇ بالىنى بېقىپ بەرسەڭ، سەن بىلەن ئۇكاڭنىڭ دەپتەر - قەلىمىڭنىڭ خىراجىتى چىقىسىمۇ ھېساب، — دېدى.
هاممامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ دەسلەپ تېنىم «جىغ» قىلىپ قالدى. بىر خىل خورلۇق ھېس قىلدىم. كېيىن قوشۇلدۇم. هاممام، دېگەندەك ئۇكام بىلەن ئىككىمىزنىڭ دەپتەر - قەلەملىرى ئۈچۈن پۇل لازىم ئىدى.
ئانام بۇلتۇر تۇخۇم سېتىپ يىغقان پۇلىغا دەپتەر - قەلەم ئې-

لىپ بېرەلىگەن بولسىمۇ، دەرسلىك كىتاب سېتىۋېلىشقا پۇل بەر-مىگەچكە ساۋاقداشلىرىم ئۆز يانلىرىدىن پۇل چىقىرىپ ئېلىپ بەرگەنىدى. بۇ يىل بولسا دۆلەت ياردەم قىلىپ دەرسلىك كىتابلار-نى ھەقسىز بېرىپ بىزنى ئاجايىپ خۇش قىلىۋەتتى. ئەمما، يەنىلا دەپتەر - قەلەمنى ئۆزىمىز ئالمىساق بولمايتتى.

شۇنداق قىلىپ مەن بالا باققۇچى بولدۇم. ئاسىمگۈل ھەدە دوخ-تۇرخانىدا ئىشلەيتتى. يولدىشى ترانسپورت شىركىتىنىڭ شوپۇرى بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى ئالدىراش ئىدى. ئارزۇلۇق قىزى ئېنۇرنى بېقىپ بېرىشىم ئۇلارنى ناھايىتىمۇ خۇش قىلىۋەتتى. مەن، مەن دېگەن بالا باققۇچى دەپ ئولتۇرماي ئېنۇر ئۇخلاپ قالغان چاغلاردا ھويلا - ئارامىلارنى سۈپۈرۈپ، سۇ چېچىپ، چاي قاينىتىپ چايدانلارغا ئېلىپ، چەينەكلەرگە دەملەپ قويدۇم. ھەر كۈنى خىز-مەتتىن ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەن بۇ ئەر - ئايال ئۆي ئىچىگە، چىنە - چەينەكلەرگە، يۇيۇلغان كىر - قاتلارغا قاراپ مېنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختايتتى. مەنمۇ نانني ھالال يېيىشىم، بەرگەن پۇلنى ھالال ئېلىشىم كېرەك - تە؟

ھەش - پەش دېگۈچە يازلىق تەتىل تۈگەپ ئۆيگە قايتماقچى بولدۇم. قايتىدىغان كۈنى ئاسىمگۈل ھەدە 100 يۈەن پۇل بەرگەندىن باشقا، يەنە بىر كۆينەك تىكتۈرۈپ كىيدۈرۈپ قويدى. ئانىڭمىز كىيسۇن دەپ ئىككى قۇر كىيىم بەردى ۋە:

—— سىز بەك ئوبدان بالىكەنسىز، سىزنى كەتكۈزۈۋېتىشكە كۆ-زۈم قىيمايدۇ. بىراق مەكتەپتە ئوقۇمىسىڭىز بولمايدۇ. ياخشى ئو-قۇڭ، قىشلىق تەتىلدە يەنە كېلىڭ، —— دەپ يولغا سېلىپ قويدى.

ئانام مەن ئېلىپ چىققان كىيىم - كېچەك ۋە پۇللارنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇش بولدى ۋە بىزگە دەپتەر - قەلەم ئېلىپ بەرگەندىن باشقا، يەنە بىردىن سومكىمۇ ئېلىپ بەردى.

مەن بۇ قىشلىق تەتىلدىمۇ شەھەرگە كىرىپ بىر ئاي ئاسىمگۈل ھەدىنىڭ بالىسىنى بېقىپ بەردىم. مەن يەنە يازدىكىدەك ئايىغىمنى

چاققان، قولۇمنى يەڭگىل قىلىپ، قۇربىتىم يەتكەنلىكى ئىشنى قىلىپ ئاسمىگول ھەدىنى خۇش قىلدىم. قايتىدىغان ۋاقتىمدا يەنە 100 يۈەن بەرگەندىن باشقا ئايىغىڭىز كونىراپ قاپتۇ دەپ بىر ئاياغ ئېلىپ كىيگۈزۈپ قويدى. ئانىڭىز كىيسۇن دەپ ئىككى پوپايكا بەردى. ھامماممۇ 50 يۈەن بەردى. مەن، ئۇكام بىلەن ئىككىمىز قىشلىق تەتىلدىن كېيىنمۇ دەپتەر ـ قەلەمنىڭ غېمىنى يېمەي ئوقۇيدىغان بولدۇق دەپ خۇش بولۇپ ئۆيگە چىقسام ئانام ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ ئەمەسمۇ؟

× × × ×

تاڭ ئاتتى. ئۇكام بىلەن ئىككىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ مەشكە ئوت يېقىپ چاي قايناتتۇق. تەڭ كېچىگىچە يۆتىلىپ ئۇخلىيالمىغان ئانام تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. مەن ئانامغا قارىدىم. ئانامنىڭ كۆزى چىڭ يۇمۇلغان بولۇپ، تىنىقىمۇ بىر خىل يەڭگىل ئىدى. كانىيىدىكى غاژ ـ غۇژمۇ پەسىيىپ قالغانىدى.

دالڭ ـ دالڭ قىلىپ مەكتەپتە ئۇرۇلغان داڭنىڭ ئاۋازى ئۆيگە ئاڭلاندى. ئانام ئاستا يوتقاندىن سوغىرىلىپ چىقىپ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى ـ دە، ـــ بالىلىرىم، مەن خېلى ياخشى بولۇپ قاپتىمەن. سىلەر مەكتەپكە بېرىڭلار. بۇ 20 يۈەنگە دەپتەر ـ قەلەم ئېلىڭلار، مۇئەللىمىڭلار يەنە دەپتەر ـ قەلەم ئېلىپ بېرىپ يۈرمىسۇن. ئۇلارنىڭمۇ ئائىلىسى بار. مەن سەل ساقايسام سامانلىقتىكى سامانىدىن 8 ~ 10 تاغار سېتىپ باشقا چىقىمىڭلارنىمۇ قىلىپ بېرەي. مەن. ياخشى ئوقۇڭلار، ـــ دېدى.

بىز ئاخشام شورپا سېلىپ ئاشقان گۆشنى ئانامغا يەنە شورپا قىلىپ بېرىپ مەكتەپكە قاراپ ماڭدۇق. مەكتەپتىن ئىبارەت يەنە بىر ئۇلۇغ ئانا بىزنى چاقىرماقتا ئىدى.

ـــ دالڭ ـ دالڭ ـ دالڭ! ...

# ئىككى باتۇر

تاڭ سەھەر، قېلىن ياغقان قارنى غاچىلدىتىپ دەسسەپ مېڭىپ، سىنىپ نۆۋەتچىلىكىنى قىلىش ئۈچۈن مەكتەپ ئالدىغا يېتىپ كەلگەن باتۇر قوشنا سىنىپتىكى تۆت نەپەر قىزنىڭ مەكتەپ ئالدىدىكى ئۆستەڭنىڭ بويىدا يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى ـ دە، نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۆستەڭ بويىغا باردى. يېڭى بىر چېلەك مۇز، قارلار ئارىلىشىپ ئېقىۋاتقان سۇدا بىر چۆكۈپ، بىر لەيلەپ ئاقماقتا ئىدى. بۇ قىزلار ئاللا ـ چۇقان سېلىشىپ ئۆستەڭ بويىدا يۈگۈرۈشكىنى بىلەن، ئۆستەڭگە سەكرەپ چۈشۈپ چېلەكنى سۈزۈۋېلىشتىن قورقۇشقانىدى.

چېلەك تېزدىن سۈزۈۋېلىنمىسا ئېقىپ بېرىپ ئۆستەڭنىڭ ئايىقىدىكى چوڭ قاينامغا چۈشۈپ كېتەتتى. قاراپ تۇرۇپ مەكتەپنىڭ بىر چېلەكى قاينامغا چۈشۈپ يوقىلىپ كەتسە قانداق بولىدۇ؟

شۇ چاغدا باتۇرنىڭ ئېسىگە ئالدىنقى ھەپتىدىكى بىر ئىش كەلدى.

قىشلىق تەتىل مەزگىلىدە مومىسىنىڭكىدە تۇرغان باتۇر، تەتىل ئاخىرلاشقان كۈنى ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ مەكتەپكە بېرىش ئۈچۈن بالدۇرلا يېتىپ ئۇخلاپ قالغانىدى. ئۇ تەڭ كېچە بولغاندا مەھەللىدە بولۇۋاتقان ۋاراڭ ـ چۇرۇڭدىن ئويغىنىپ كەتتى. مومىسىمۇ ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى.

— موما، نېمە ئىش بوپتۇ؟ — سورىدى باتۇر كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ.

— ئۆستەڭگە ئۇلۇغ سۇ كەپتۇ. توسمىنىڭ تاقىقى مۇزلاپ قېتىپ كەتكەچكە يۇقىرى كۆتۈرۈلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇ ئۆستەڭدە قېيىپ، قاشتىن يالاپ چۈشۈشكە باشلاپتۇ. مەھەللىدە شۇ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بالام. مۇز چوقىغىلى پالتىنى ئىزدەۋاتىمەن.

باتۇر مومىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، كىيىم-

لىرىنى كىيىپ ئىشىك ئالدىغا چىقتى. بۇ چاغدا ئۈستەڭنىڭ قىر-
شىدىن ھالقىپ چۈشكەن سۇ يوللارنى بېسىپ ئىشىك ئالدىغا كې-
لىشكە باشلىغانىدى. تۇسمىنىڭ ئاقىقى ۋاقتىدا كۆتۈرۈۋېتىلمىسە،
مومىسىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئۆيىنى سۇ بېسىپ كېتىدىغانلىقى ئېنىق
ئىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ باتۇرنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى.
باتۇر تۇسمىنىڭ بېشىغا باردى. نۇرغۇن كىشىلەر تۇسمىدىكى
تاقاقنىڭ تېگىگە كەتمەن، پالتا، ئۇزۇن بادىرلارنى تىقىپ يۇقىرى
كۆتۈرۈشۈپ بېقىشماقتا ئىدى. ئۇلار قانچە قىلسىمۇ تاقاق كۆتۈ-
رولمەيتتى. ۋاقىت ئۆتمەكتە ئىدى. ئۆيلەرنى سۇ بېسىپ كېتىش
خەۋپى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالدى.
— ۋاي، ھويلىغا سۇ كىرىپ كەتتى!
— ۋاي، قانداق قىلارمىز؟
ئۆي تەرەپتىن ئاياللارنىڭ ۋارقىراشلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.
تۇسما بېشىدىكى كىشىلەر تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى. دەل شۇ
چاغدا بۇ مەھەللىدىكى باتۇر ئىسىملىك بىر يىگىت كىيىملىرىنى
سالدى ـ دە، قولىغا ئۇزۇن بىر تۆمۈرنى ئېلىپ، چىشىنى چىڭ
چىشلەپ، قولىدىكى تۆمۈرنى ھاسا قىلىپ تايىنىپ، خۇددى ياز
كۈنلىرى سۇغا سەكرىگەندەك «چولتوك» قىلىپلا سۇغا چۈشتى.
سۇ باتۇرنىڭ كۆكرىكىگە كەلدى. باتۇر چاققانلىق بىلەن قولىدىكى
تۆمۈرنى تاقاقنىڭ تېگىگە تىقىپ بىر كۆتۈرۈۋېدى، تاقاقتىكى مۇز
قاراس قىلىپ يېرىلىپ، تاقاق ئۈستۈن كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن
ئۇلۇغ سۇ تۇسما ئارقىلىق شارقىلىق تۆۋەنگە قاراپ ئاقتى. باتۇر-
مۇ بىرى سۇنغان بادىرغا ئېسىلىپ قاشقا چىقتى. كىشىلەر باتۇرغا
ئۇچىسىدىكى ئىسسىق چاپانلىرىنى سېلىپ كىيدۈرۈشتى. باتۇر
بولسا جالاقلاپ تىترەيتتى. شۇ چاغدا بىر موماي كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ:
— مۇشۇ قىشتا ئۆيىمىزنى سۇ بېسىپ كېتىشتىن ساقلاپ
قالغىنىڭىزغا رەھمەت بالام. سىز ئىسمىڭىزغا خاس باتۇر ئىكەن-
سىز، — دېدى.
— باتۇرجانغا رەھمەت! ...

ھەممە كىشى باتۇرغا رەھمەت ئېيتىشتى. قاش ئۈستىدە يورۇپ بۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىچىك باتۇر: «ئەل خىزمە-تىدىن ئەل ھۆرمىتى كېلىدۇ» دېگەن شوكەندە. مەنمۇ ئاشۇ باتۇر ئاكامدەك باتۇر بولىمەن! ...

باتۇر خىيالىنى توختاتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا غەيرەت ـ شىجائەت ئۇرغۇغانىدى. كىچىك باتۇرمۇ كىيىملىرىنى شاق ـ شوق سالدى ـ دە، چىشىنى چىڭ چىشلەپ ئۆستەڭگە كىردى. ئۆستەڭدىكى سۇ با-تۇرنىڭ كىندىكىگە كەلدى. باتۇرنىڭ قار ـ مۇز ئارىلاش ئېقىۋاتقان سۇغا كىرگىنىنى كۆرگەن قىزلار ۋارقىرىشىپ كەتتى.

ـــ باتۇر، قايتىپ چىق، مۇزلاپ قالىسەن!

ـــ باتۇر ! ...

بىراق باتۇر سۇدا ئېقىپ كېلىۋاتقان چېلەكنى كاپ قىلىپ تۇتتى ـ دە، قاشتىكى قىزلارغا سۇنۇپ بېرىپ سۇدىن چىقتى. بۇ چاغدا بىرمۇنچە ئوغۇل باللارمۇ ئۆستەڭ بويىغا كېلىشكەن بو-لۇپ، ئۈچ ئوغۇل باتۇرنى كۆتۈرۈپ مەكتەپكە ئېلىپ كىرىپ دەرۋازا يېنىدىكى پوست ئۆيىدىكى كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ قويدى. پوست ئۆيدىكى مەشنىڭ ئوتى يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتاتتى.

ـــ رەھمەت سىزگە باتۇر!

ـــ يارايسەن باتۇر!

قىزلار رەھمەت ئېيتىپ چىقىپ كېتىشتى. باتۇر يوتقانغا يۆ-گىنىپ يېتىپ ئىسسىپ تۇرۇۋېدى، دەرسكە كىرىشكە داڭ ئۇرۇل-دى. باتۇر دەرسكە كىرىش ئۈچۈن پوست ئۆيدىن سىنىپ ئالدىغا باردى. سىنىپ ئالدىدىكى «ياخشى ئىشلار تەشۋىقات دوسكىسى»غا يېزىلغان «باتۇرنىڭ باتۇرلۇقىدىن ئۆگىنەيلى» دېگەن ماۋزۇ ئاسا-سىدىكى ماقالىنى كۆرۈپ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى. ئۇ سىنىپىنىڭ نۆۋەتچىلىكىنى قىلىدىغان نۆۋەتچى بولغاچقا، سىنىپىنىڭ تازىلىقى قانداق بولغاندۇ؟ مەشكە ئوت يېقىلغانمىدۇ؟ دەپ ئەنسىرەپ سىنىپ-قا كىردى. سىنىپ پاكىز تازىلانغان، مەشكىمۇ ئوت يېقىلغان بولۇپ شۇنداق ئىسسىق ئىدى.

# تۇراپ توكۇر

ئاخشام رادىيونى ئۆچۈرمەي يېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. سەھەر ئورنۇمدىن تۇرۇپ رادىيونى قويماقچى بولۇپ قولۇمغا ئالسام ۋىيك-لىيۇچاتپلى ئوچۇق ئىكەن. رادىيو جىمجىت بولۇپ، ماينىڭ كۆيگەن ئاۋازى ئاڭلانمايتتى.

— نېمە بولدىكىنە؟

مەن رادىيونىڭ ئۈستىگە پاق - پاق ئۇرۇپ باقتىم. لىڭشىتتىم. بۇرۇغۇچلىرىنى ئۇيان - بۇيان ئايلاندۇردۇم. رادىيو يەنىلا جىمجىت. مەن قولۇمغا ئەتۋېركىنى ئېلىپ رادىيونىڭ كەينى قاپقىقىنى ئاچتىم، رادىيوغا سېلىنغان تۆت مايدىن خۇددى مىجىلىپ كەتكەن ئاق ئۆرۈكنىڭكىدەك بىر خىل يېلىمسىمان سۇيۇقلۇق چىقىپ كېتىپتۇ. مەن دەرھال ئىشكاپنى ئېچىپ ساقلاپ قويغان تۆت تال ماينى ئېلىپ رادىيوغا سالدىم. رادىيو ئاۋۋالقىدەكلا جىمجىت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن رادىيونى قويۇپ قىشلىق تەتىلنىڭ بۇ بىر كۈننى تاپشۇرۇق ئىشلەش، كىتاب ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزدۈم. كەچقۇرۇن دادام خىزمەتتىن قايتىپ كەلگەندە رادىيونىڭ بۇزۇلۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتىم. دادام:

— تۇراپ توكۇرنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارساڭ بولمامدۇ؟ ئۆتكەندىمۇ تۇراپ توكۇر ئوڭشاپ بەرگەن، — دېدى ۋە بېرىپ ئوڭشىتىپ كەل دەپ ئون يۈەن پۇلنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

مەن رادىيونى ئېلىپ ئۆيى بىزنىڭ ئۆيدىن ئانچە يىراق بولمىغان تۇراپ توكۇرنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگىنىمدە، ئۇ ھويلىسىدا ئىككى تېلېۋىزورنى ئوڭشاپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپ قولتۇق تايىقىنى قولىغا ئېلىپ ساق ئادەملەردەك سول پۇتىغا تا-

يىنىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ تىزىدىن كېسىۋېتىلگەن ئوڭ پۇتى خۇددى تام سائىتىنىڭ ئىسترېلكىسىدەك ھەرىكەت قىلىپ كەتتى.

— ھە سايىتجان، رادىيو نېمە بولدى؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

— بۇزۇلۇپ قالدى.

— قەيىرى بۇزۇلۇپ قالدى؟

— بۇنى مەن نەدىن بىلەي. بۇنىڭ كەينىنى ئاچىدىغان بولسا ئىرماش - چىرماش سىمنىڭ كۆپلۈكىدىن ئادەمنىڭ بېشى قايىدىغان تۇرسا...

— بىلسەڭ ئۇنداق تەس ئەمەس ئۇكا.

تۇراپ توكۇر رادىيونى قولۇمدىن ئالدى. ئۇنىڭ پاكىز يۇيۇلغان سېرىق ھەربىيچە كىيىم ياراشقان بوي - بەستىگە نەزەر سېلىپ ئىچىم ئاغرىپ كەتتى. بىچارە بىر پۇتى ساق بولسا گۇس - گۇس دەسسەپ ماڭار ئىدى - ھە؟

— توك يولىنىڭ بىر تال سىمى كۆيۈپ كېتىپتۇ، — دېدى تۇراپ توكۇر رادىيونىڭ كەينىنى ئېچىپ تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن.

— ئاخشام ئۇچۇرمەي ئۇخلاپ قاپتىكەنمەن، — دېدىم مەن.

تۇراپ توكۇر كىچىك ساندۇقىدىن بىر تال سىم ئېلىپ بىر يەرلەرگە ئۇلاپ، ئۈستىدىن قىزىتىلغان داغمالنى باستى. رادىيو ئوڭشالدى. گىژىلداپ ماي كۆيدى. شۇ چاغدا دېكتورنىڭ: «ناخشا، ئازادلىق ئارمىيەم بولغاچ» دېگەن ئېلانى ئاڭلاندى، تۇراپ توكۇر ماڭا لەپپىدە بىر قاراپ قويدى - دە، پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ ناخشىنى تىڭشاشقا باشلىدى.

خەلقىمىزنى دوزاختىن،
ئازاد قىلغان ئارمىيەم.
قان - تەر تۆكۈپ ۋەتەننى،
ئاۋات قىلغان ئارمىيەم.

تۇراپ توكۇر ناخشىنى ئاڭلاپ بولۇپ كۆزىگە لىققىدە ياش ئال-

دى. مەن ھەيران بولۇپ سورىدىم:

— تۇراپ ئاكا، نېمىشقا يىغلايسىز؟

— ھەي ئۇكام، سەن بىلمەيسەن. مەن ھەر قېتىم بۇ ناخشىنى ئاڭلىغىنىمدا ئەسكەر بولغان چاغلىرىم، مېھرىبان سەپداشلىرىم ئېسىمگە كېلىپ قالىدۇ. پۇتۇم كېسىۋېتىلىپ، ئەسكەرلىكتىن قايتىپ كەلگىنىمگىمۇ ئون يىل بوپتۇ.

— پۇتىڭىز ئەسكەر بولغان چاغدا كېسىۋېتىلگەنمۇ؟ — مەن تۇراپ ئاكىنىڭ ۋاقىتسىز ئاق سانجىشقا باشلىغان چېكە چاچلىرىغا قارىدىم.

— ئەسكەر بولۇپ ئۈچىنچى يىلى كېسىۋېتىلگەن.

— قانداق بولۇپ كېسىۋېتىلگەن؟ ماڭا سۆزلەپ بېرىڭە!

— 1981 ـ يىلى، — دېدى تۇراپ ئاكا ئېغىر بىر تىنىۋەتكەندىن كېيىن، — چېچەكلەر ئېچىلىپ، مەجنۇن تاللار يېشىللىگەن شۇنداق بىر كۈنلەردە يۇقىرىدىن ھەربىي سەپكە ئادەم قوبۇل قىلىدىغانلىق ئۇقتۇرۇشى كەلدى. مەن ئاتا ـ ئانامنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ھەربىي سەپكە قاتناشتىم. قىسىمغا كەلگەندىن كېيىن كىنو قويۇش ئەترىتىگە بۆلۈندۇم. بۇ ماڭا ئوخشاش تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگەن بىر ياش ئۈچۈن تېخنىكا ئۆگىنىۋېلىشنىڭ ئوبدان بىر پۇرسىتى ئىدى. بىرنەچچە كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ئۇستام مايۇن بىلەن ئاكا ـ ئۇكىلاردەك چىقىشىپ كەتتۇق. لېكىن تىل ئۇقۇشماسلىق بىزدىكى بىر توسالغۇ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن خەنزۇچىنى، مايۇن ئۇستام ئۇيغۇرچىنى ئۆگىنىشكە باشلىدۇق. كىنو قويغان چاغلاردا مايۇن ئۇستام ئاپپاراتلارنى ئورۇنلاشتۇرسا، مەن سىم يولىنى ئۇلىدىم. جەڭچىلەرنىڭ كىنو كۆرىدىغان مەيدانلىرىنى تازىلىدىم. شۇنداق قىلىپ ئىككى يىل ئۆتە ـ ئۆتمەيلا كىنو قويۇش تېخنىكىسى بىلەن خەنزۇچىنى ئوبدانلا ئۆگىنىۋالدىم. ئۈچ قېتىم «بەشتە ياخشى جەڭچى» بولۇپ باھالاندىم. كوممۇنىستىك پارتىيەگە ئەزا بولۇپ كىردىم.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە «1 ـ ئاۋغۇست» مۇناسىۋىتى بىلەن مەلۇم چېگرا مۇداپىئە قىسمىغا كىنو قويۇپ بېرىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. مايور ئۇستام بىلەن ئىككىمىز ئاپپاراتلارنى ماشىنىغا بېسىپ تاغقا قاراپ يولغا چىقتۇق. تاغلىق رايوندا ھاۋا رايى بىردەمدە ئۆزگىرىدىكەن. داۋاننىڭ ئۈستىدىن چۈشكەن سۇ، لايلار بىلەن يول سىلىقلىشىپ كېتىپ ماشىنىنىڭ چاقى قۇرۇق ئايلىنىپ ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەي قالدى.

— تېز چۈشۈڭلار!

شوپۇر كېپىنكىدىن بېشىنى چىقىرىپ ماشىنا ئۈستىدە چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن مايور ئۇستام بىلەن ماڭا ۋارقىرىدى. بىز ماشىنىدىن دەرھال سەكرەپ چۈشتۇق.

— تېز بولۇڭ، چاققا تاش قويايلى، — دېدى مايور ئۇستام.

مەن يول بويىدىن چوڭ بىر تاشنى ئېلىپ كېلىپ ماشىنىنىڭ ئارقا چاقىغا قوياي دەپ تۇرۇشۇمغا، ماشىنىنىڭ موتورى ئۆچۈپ ماشىنا كەينىگە يېنىپ كېتىپ، ئوڭ پۇتۇم ئۆزۈم ئېلىپ كەلگەن تاش بىلەن چاقنىڭ ئارىسىدا قېلىپ مىجىلىپ كەتتى. ھوشۇمغا كېلىپ قارىسام دوختۇرخانىدا يېتىپتىمەن. پۇتۇم تىزىمدىن كېسىۋېتىلىپ، ھاياتىم ساقلاپ قېلىنىپتۇ.

— پۇتىڭىزنى كېسىۋېتىپ ھەربىي سەپتىن قايتۇرۇۋەتتىمۇ؟ — سورىدىم ئىشنىڭ ئاخىرىنى بىلىشكە ئالدىراپ.

— ياق، قايتۇرۇۋەتمىدى، — دېدى تۇراپ ئاكا، — ئىككى ئاي دوختۇرخانىدا ياتتىم. قولتۇق تايىقى بىلەن ماڭغۇدەك بولدۇم. دەل شۇ مەزگىلدە ھەربىي سەپتىن ئادەم قايتۇرۇش بولدى. مەن قايتىپ كېتىشنى ئىلتىماس قىلدىم. قىسىم رەھبەرلىكى قوشۇلمىدى. مېنى خەتەرلىك پەيتتە ھاياتىنىڭ خەۋپ ـ خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي ئۈچ سەپدىشىنى، ماشىنا، كىنو ئاپپاراتلىرىنى ساقلاپ قالغان قەھرىمان دەپ پۈتۈن قىسىمنىڭ ئۆگىنىشىگە چاقىرىق قىلىندى. شۇنداقتىمۇ مەن قايتا ـ قايتا ئىلتىماس سۇنۇپ يۈرۈپ

قايتىپ كەلدىم. قىسىم رەھبەرلىكى ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ ئەكې-لىپ قويىدى. ماددىي ياردەممۇ قىلدى. سارەم ھەدىگىز بىلەن توي قىلغان چېغىمدا مايون ئۇستام بىلەن شوپۇر شاۋ چىڭ كېلىپ تو-يۇمغا قاتناشتى.

— سىز سەپدىشىڭىزنىڭ ھاياتىنى، دۆلەتنىڭ مۈلكىنى قۇتقۇ-زىمەن دەپ مېيىپ بولغاندىكىن، سىزنى دۆلەت باقسا بولىدۇ. مۇ-شۇنداق ئۇنى - بۇنى ئوڭشاپ تاپقان پۇلىڭىزغا قانداقمۇ جان باق-قىلى بولىدۇ؟ — دېدىم مەن تۇراپ ئاكىغا ئىچىم ئاغرىپ.

— ئويلاپ باقە، — دېدى تۇراپ ئاكا ماڭا نەشتەردەك تىكىلىپ، — ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن ئۆز جېنىنى قۇربان قىلىۋاتقان ئوغۇل - قىزلارنى ئويلىغىنىمدا مېنىڭ قىلغان ئىشىم ھېچقانچە بىر ئىش ئەمەسقۇ؟ ھازىر تۇرمۇشىمىز كۈندىن - كۈنگە ياخشى بولۇپ كې-تىۋاتىدۇ. «مېيىپ ھەربىي ئائىلىسى» دەپ كەنتنىڭ، يېزىنىڭ ياردىمىمۇ كۆپ بولۇۋاتىدۇ. قىسىمدىنمۇ تا ھازىرغىچە يوقلاپ تۇ-رۇۋاتىدۇ. مەن يەنە «مېنى باق» دەپ دۆلەتكە يۈت - قولۇمنى ئار-تىۋالسام قانداق بولىدۇ؟

مەن ئويلانمايلا سۆزلەپ قويغانىكەنمەن. تۇراپ ئاكىنىڭ سۆزى مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈرۈۋەتتى.

— تۇراپ ئاكا، سىز بەك ئالىيجانابكەنسىز، — دېدىم.

— ياق، مەن ئالىيجاناب ئەمەس. بىزنى ئۆستۈرگەن ۋەتەن - خەلق ئالىيجاناب. سەن بۇنى چوڭ بولغاندا چۈشىنىسەن، — دېدى تۇراپ ئاكا كۈلۈپ.

مېنىڭ تەسىراتىم يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتى. تۇراپ ئاكىغا بولغان ھۆرمىتىم ھەسسىلەپ ئاشتى. مەن دادام بەرگەن ئون يۈەن پۇلنى تۇراپ ئاكىنىڭ ئالدىغا قويۇپ رادىيونى قولۇمغا ئالدىم.

— سايىتجان ئۇكام، مەن بۇ پۇلنى ئالمايمەن، — دېدى تۇراپ ئاكا.

— ئاز كۆرۈۋاتامسىز؟ بولمىسا دادامدىن يەنە پۇل ئېلىپ

كېلەي.

— بولدى ـ بولدى. مەن بۇ پۇلنى ئالغان بولاي، ھەم ساڭا بې- رەي. ياخشى كىتابتىن بىر ـ ئىككىنى سېتىۋېلىپ ئوقۇغىن. يارامىلىق ئادەم بولغىن!

تۇراپ ئاكا قولىدىكى پۇلنى چاپىنىمىنىڭ مەيدە يانچۇقىغا سې- لىپ قويدى.

مەن تۇراپ ئاكا بىلەن خوشلىشىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. ئۇنى بۈگۈنگىچە «تۇراپ توكۇر» دەپ ئاتاپ كەلگىنىمگە ئۆكۈندۇم. ئۇ ئەسلىدە ھۆرمەتلىنىشكە سازاۋەر ئاكىمىز ئىكەن ئەمەسمۇ؟ مەن تۇراپ ئاكا بەرگەن ئون يۈەن پۇلغا «لېي فېڭ ھەققىدە ھېكايى- لەر»، «ئەقىل ـ پاراسەت قانداق يېتىلىدۇ» دېگەن ئىككى كىتابنى سېتىۋېلىپ سىنىپىمىزنىڭ «بۇلۇڭ قىرائەتخانىسى» دىكى كى- تابلارنىڭ ئارىسىغا تىزىپ قويدۇم. بۇ ئىككى كىتابنىڭ ئىچ ۋارى- قىغا «تۇراپ ئاكىدىن تەقدىم» دېگەن سۆزنىمۇ يېزىپ قويدۇم.

# كۆۋرۈك ئاستىدىكى خىياللار

مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى ئاتا - ئانىلىرىنىڭ بوغداي ئورۇش ئەمگىكىگە قاتنىشىپ بېرىشنى نەزەردە تۇتۇپ بىر ھەپتىلىك قىسقا تەتىل قىلغانىدى.

— ناھايىتى ئوبدان بولۇپتۇ، — دېدى قادىرنىڭ ئانىسى بۇنى ئاڭلاپ، — كەچتە ئىككى تاغاڭ كېلىدۇ، سەنمۇ خېلى چوڭ بولۇپ قالدىڭ، ئورغاقتىن بىرنى ئېتىك بىلەپ بوغداي ئورۇشۇپ بەرگىن بالام، — دېدى.

ئانىسىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ قادىرنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى. قادىر ئورما ئورۇشنىڭ تەسلىكىنى ئويلاپ:

— مېنىڭ بوغداي ئورۇش بىلەن خۇشۇم يوق، — دېدى گەپنى ئوچۇق قىلىپ.

— نېمە؟ — دېدى ئانىسى، — خۇشۇم يوق دېگەن قانداق گەپ؟ داداڭ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن سېنى بىر ئوغۇل دەپ كۆز قارىچۇقۇمدەك ئاسراپ چوڭ قىلدىم. ئەمدى چوڭ بولۇۋېلىپ قىلغان گېپىڭ شۇمۇ؟ بوغداي ئورۇمىساڭ نانمۇ يېمە ئەمىسە؟

قادىرنىڭ ئانىسى ئوتۇغۇچنى ئېلىپ قويلارغا ئوت ئېلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. قادىر ئانىسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بىردەم ياتتى. كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى قۇلۇپلىدى - دە، دائىم ئوينايدىغان كەنت مەركىزىگە كەلدى. ئۇ يەردە مەكتەپتە ئوقۇمايدىغان يوقىرىقى مەھەللىلىك تالىپ بىرقانچە كىچىك بالىلار بىلەن مەرمەر تاش ئويناۋاتاتتى. قادىر ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ قاراپ تۇردى.

— سەنمۇ ئويناپ قويامسەن؟ — دېدى تالىپ قادىرغا قاراپ.

— ئوينىغىم يوق، — دېدى قادىر.

— بەكلا خاپا كۆرۈنىسەن، نېمە بولدۇڭ؟ — دېدى تالىپ.

— ئانام بوغداي ئورۇمىساڭ نان يېمە دېدى. شۇڭا ئۆيدىن قېچىپ چىقتىم، — دېدى قادىر.

— ئۆيدىن پۇل ئېلىپ چىقتىڭمۇ؟ — سورىدى تالىپ قادىرنى بىر چەتكە تارتىپ.

— ئېلىپ چىقمىدىم.

— ھەي، پۇل ئېلىپ چىققان بولساڭ سېنى شەھەرگە ئاپىرىپ بىرنەچچە كۈن ئوينىتىپ كېلەتتىم. ئاڭغىچە ئورمىمۇ تۈگەيتتى.

— ئۆيدە پۇلغۇ بار، — دېدى قادىر.

— شۇ پۇلنى ئېلىپلا چىقساڭ، شەھەرگە كىرىپ يېمىگەننى يەپ، كۆرمىگەننى كۆرۈپ تازا ئويناپ چىقاتتۇق.

قادىر تالىپنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئانىسى ئىككى پاقلاننى سېتىپ خامان يۇمشاتساق تىراكتورچىغا بېرىمىز، ئاق ئوغۇت ئېلىپ قوناققا سالىمىز دەپ تەخلەپ قويغان تۆت يۈز يۈەننى ئېلىپ چىقتى. تالىپ قادىرنى باشلاپ ئاۋۋال ناھىيە بازىرىغا كىردى، ئاندىن ئاپتوبۇسقا چىقىپ شەھەرگە قاراپ ماڭدى. تالىپ بۇ شەھەرگە تولا كەلگەچكە يول بويى سادىرغا شەھەردىكى بىنالار، يوللار، كەڭرى باغچىلار، باغچىلاردىكى ئاجايىپ ھايۋاناتلار توغرىسىدا ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ ماڭدى.

— سەن بۇ شەھەرگە كېلىپ باقمىغان، بۇ شەھەردە يانچۇقچى كۆپ. ئۇلار سەندە پۇل بارلىقىنى بىلىپلا قالسا كۈپكۈندۈزدىمۇ كۆزۈڭنى غەلەت قىلىپ پۇلۇڭنى ئوغرىلاپ كېتىۋېرىدۇ. شۇڭا پۇل ھەر ھالدا مەندە تۇرسۇن، — دېدى قادىرغا قول تەڭلەپ.

قادىر، تالىپنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قورقۇپ قالدى - دە، يانچۇقىدىكى پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ تالىپقا بەردى. پۇلنى ئالغان تالىپ قادىرنى بىر ئاشخانىغا باشلاپ كىرىپ بىر تەخسىدىن لەڭمەن يېيىشتى. ئاشخانىدىن چىققاندىن كېيىن كوچا ئايلىنىشقا

باشلىدى. تالىپنىڭ مەقسىتى قادىرنى ئېزىقتۇرۇپ قويۇپ پۇلنى ئېلىپ قېچىش ئىدى. قادىر تالىپنىڭ ئويلىغىنىدەك شەھەردىكى ئۇ بىناغا، بۇ بىناغا، ئۇ رەسىمگە، بۇ ئېلانغا قاراپ مېڭىشقا باشلىدى. تالىپ قادىرنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ يول بويىدىكى بىر ماگىزىنغا غىپپىدە كىرىۋالدى. قادىر بولسا ئالدىغا قاراپ كېتىۋەردى. قادىر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن تالىپ ماگىزىندىن چىقىپ كەينىگە قايتىپ بېكەتكە كەلدى ـ دە، ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

كوچىدا ئۇنىڭ ـ بۇنىڭغا قاراپ كېتىۋەرگەن قادىر بىر چاغدا توختاپ كەينىگە قاراپ تالىپنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ تالىپنى كېلىپ قالار دەپ خېلى ئۇزاق ساقلىدى. تالىپ كەلمىدى. قادىر كەينىگە يېنىپ ھېلىراقتا تاماق يېگەن تۆت يولنىڭ دوقمۇشىدىكى ئاشخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇردى. تالىپنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى.

كەچ كىردى. قادىرنىڭ قورسىقىمۇ ئاچتى. ئۇ بۇ شەھەردە ھېچكىمنى تونۇمايتتى. نەگە بېرىشنىمۇ بىلمەيتتى. كەچ كىرگەنسېرى ئۇنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سوقۇشقا باشلىدى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ بىر ئاچچىق يىغا بوغۇزىغا كېلىپ قاپلىشاتتى. قادىر بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى بىر ئۆستەڭنىڭ كۆۋرۈكىگە كەلدى. ئەتراپقا تامامەن قاراڭغۇ چۈشكەنىدى. شۇ چاغدا ئىككى لالما ئىت بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ قادىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى ـ دە، قادىرنى كۆرۈپ «ھاۋ» دەپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى. قادىرنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترەك باستى. ئۇ ئۆستەڭگە چۈشۈپ كۆۋرۈكنىڭ تېگىگە كىرىۋالدى. ئۆستەڭگە سۇ كەلمىگىلى خېلى كۈنلەر بولغان چېغى، كۆۋرۈكنىڭ تېگىدىكى قۇم قۇرۇق ئىدى. قادىر قۇمغا ئۆزىنى تاشلاپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىگە مىڭ ـ مىڭ پۇشايمان قىلدى. تالىپنى بولسا بولۇشىغا تىللىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئانىسى مىڭ جاپادا بېقىپ

چوڭ قىلغان ئىككى پاقلاننى سېتىپ تەخلىگەن پۇل بىلەن ھەر كۈنى مەكتەپكە ماڭغاندا ئانىسى سومكىسىغا سېلىپ قويىدىغان چوڭ - چوڭ قاتلىما نانلار كەلدى.

قادىر كۆۋرۈك ئاستىدا يېتىپ، يىغلاپ - يىغلاپ كۆزى ئەمدى ئۇيقۇغا بېرىۋېدى، ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىپ يامغۇر يېغىپ كەتتى. قادىرمۇ ئويغىنىپ كەتتى. قادىر قوناقتەك، ماياقتەك، ئۆچكىدەك چوڭلۇقتا چۈشۈۋاتقان مۆلدۈرلەرنى كۆرۈپ: «بۇ مۆلدۈرلەر بۇغداي باشاقلىرىنى قېقىۋەتكەنمىدۇ؟ تاغاملار بۇغدايلارنى ئورۇپ بەرگەنمىدۇ؟ بۇغداي بولمىسا ... ھەي!»

قادىر ئەتە بىر ئامال قىلىپ ئائىلىسىگە قايتىپ بۇغداي ئورۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

# ئاق ئۆجمە

بۈگۈن ئەتىگەن ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق ئىدى. ئەتىگەنلىك تاماق-تىن كېيىن كۈندىكى ئادىتىم بويىچە ئوغلۇم قەمەرجاننى ۋېلسىپىتكە مىندۈرۈپ ئەكېلىپ، مەكتەپنىڭ ئالدىدا چۈشۈرۈپ قويۇپ ئىدارەمگە كەتتىم.

كەچقۇرۇن بىردىنلا ئاسماننىڭ پەيلى ئۆزگىرىپ، ھاۋا قاتتىق گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ، يامغۇر خۇددى چېلەكلەپ سۇ قۇيغاندەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىتمۇ بولۇپ قالغانىدى. ئىدارىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئالدىراش ئۆيگە قايتتۇق. ئىدارىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ بولغۇچە ھەممىمىزنىڭ پۈتۈن ئەزايى چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتتى. مەن شەپكەمنى چۆكۈرۈپ كىيىپ، ئالدىدىكى سايۋەننى كۆزۈمگە دالدا قىلىپ ۋې-لسىپىتنىڭ ئالدىنى ئۆي تەرەپكە قىلىپ مىندىم - دە، بارلىق كۈچۈم بىلەن پىدالنى تەپتىم.

قەمەرجاننى ئۆيگە كېتىپ بولغاندۇ دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق ئۇ ئۈچ - تۆت ساۋاقدىشى بىلەن ئاقساپ مېڭىۋاتقان بىر بالىنى قولتۇقلاپ كېتىپ بارغان ھالدا يېرىم يولدا ئۇچراپ قالدى.

— قەمەرجان، ۋېلسىپىتكە مىنگىن بالام. چاپسانراق ئۆيگە بېرىۋالايلى، — دېدىم مەن ۋېلسىپىتتىن چۈشۈپ.

— بۇ ساۋاقدىشىم ئادىلجان، ئۇنىڭ يىقىلىپ چۈشۈپ پۇتى قايرىلىپ كەتتى. ئۆيگە ئاپىرىپ قويمىساق بولمايدۇ، — دېدى قە-مەرجان قولىنى پېشانىسىگە قويۇپ يامغۇردىن دالدا قىلغان ھالدا.

ئۇنىڭ ئاۋازىدىن بىر خىل نارازىلىق چىقىپ تۇراتتى.

— بول - بول، قالغانلار ئاپىرىپ قويسۇن، — دېدىم - دە،

سۇغا چۈشۈپ كەتكەن توخۇدەك تۈگۈلۈپ كەتكەن ئادىلجانغا بىر قاراپ قويۇپ، قەمەرجاننى ئۇنۇمىغىنىغا ئۇنىماي ۋېلىسىپىتكە مىندۈرۈپ ئۆيگە قاراپ ماڭدىم.

يامغۇر قاتتىق ياغماقتا ئىدى. يولنىڭ پەسرەك يەرلىرىگە يامغۇر سۈيى يىغىلغان، ئېگىزرەك يەرلىرى پاتقاقلاشقان بولۇپ، ۋېلىسىپىتنى ھەيدەشمۇ تەس بولۇۋاتاتتى. لايدا تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشۈش قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىش ئىدى. ۋېلىسىپىتنىڭ قانىتىنىڭ ئاستىغا كىرىۋالغان لاي بارغانسېرى كۆپىيىپ چاقنىڭ ئايلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلماقتا ئىدى. مەن ۋۇجۇدۇمدىكى بارلىق كۈچنى ئىككى پۇتۇمغا يىغىپ ۋېلىسىپىتنىڭ پېدالىنى تېپىپ ماڭدىم.

— ۋاي دادا، توختا، بىر ئايال يىقىلىپ چۈشتى، — دېدى قەمەرجان ۋېلىسىپىتنىڭ كەينىدە تۇرۇپ.

— كارىڭ بولمىسۇن، — دېدىم ۋېلىسىپىتنى تېخىمۇ كۈچەپ تېپىپ.

قەمەرجان ۋېلىسىپىتتىن دىككىدە سەكرەپ چۈشۈپ يولنىڭ ئۇ چېتىدىكى ئېرىققا قاراپ يۈگۈردى. ئۆيگە بولسا يۈز مېتىرچە قالغانىدى. مەن ۋېلىسىپىتنى ئەكىرىۋېتىپ چىقاي دېگەن ئويغا كېلىپ ۋېلىسىپىتتىن چۈشمەي مېڭىۋەردىم. ئۆيگە ئايالىم بىلەن كىردىم:

— قەمەرجاننى كۆردىلىمۇ؟ ئۇ تېخى كەلمىدى، — دېدى بىر خىل ئەنسىزلىك بىلەن.

— مەن ئېلىپ كەلدىم، — دېدىم.

— قەمەرجان قېنى؟ — ئايالىم سىرتقا قاراشقا باشلىدى.

— ھەي، شۇ بالىنى ـ زە، ئىش تېپىپلا يۈرۈيدۇ. يولدا پۇتى قايرىلىپ كەتتى دەپ بىر بالىنى يۆلەپ يۈرگەن. ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە بىر ئايال يىقىلىپ چۈشتى دەپ ۋېلىسىپىتتىن سەكرەپ چۈشۈپ يولنىڭ ئۇ چېتىدىكى ئېرىققا كىرىپ كەتتىغۇ، — دېدىم

غۇدۇڭشىپ.

ئايالىم سۆزۈمنى ئاڭلاپلا سىرتقا قاراپ ماڭدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا سىرتقا چىقتىم. قەمەرجان باش ـ كۆزىنى ئاق رومال بىلەن ئورىۋالغان، بىر قولتۇقىدا باش ياغلىقىغا چىگىلگەن بوغچا كۆتۈرىۋالغان بىر مومايىنى يۆلەپ كېلىۋاتاتتى. يامغۇر بولسا شار ـ قىراپ چۈشمەكتە ئىدى. مەن قولۇمنى پېشانەمگە قويۇپ كۆزۈمگە چۈشۈۋاتقان يامغۇرنى توسۇپ تۇرۇپ قەمەرجان يۆلەپ كېلىۋاتقان مومايغا سىنچىلاپ قارىدىم ـ دە، بىردىنلا يۈرىكىم «جىغ» قىلىپ قالدى. قەمەرجان يۆلەپ كېلىۋاتقان موماي باشقا بىرسى بولماستىن مېنىڭ ئانام ئىدى. ئانام بىر ئۇياققا، بىر بۇياققا تېيىلىپ ئاران مېڭىپ كېلىۋاتاتتى. مەن ئانامنى كۆرۈپ نېمە قىلىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم. شۇ چاغدا قەمەرجان:

— دادا، چوڭ ئانام كەپتۇ، — دەپ ئۈنلۈك تۇۋلىدى.

قەمەرجاننىڭ ياڭراق ئاۋازى ئۇزۇلمەي گۈلدۈرلەۋاتقان گۈل ـ دۈرمامىنىڭ ئاۋازىدىنمۇ كۈچلۈك بىلىنىپ كەتتى. مەن قەمەرجان ـ نىڭ تۇۋلىشى بىلەن ئېسىمنى يىغىپ ئانامنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردىم ـ دە، پۈتۈن كىيىمى لاي بولۇپ كەتكەن ئانامنى يۆدۈپ ئۆي ـ گە ئەكىردىم. ھەر ھالدا ئانامنىڭ بىر يېرى زەخىملەنمەپتۇ. بىز تېزلىك بىلەن ئانامنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يەڭگۈشلىدۇق. ئۆزىمىزمۇ كىيىم ـ كېچەكلىرىمىزنى يەڭگۈشلىۋالدۇق. شۇ چاغدا ئانام ھەممىمىزگە تەكشى قاراپ:

— ئۇجىمىنىڭ ئالدى پىشقانىدى. سىلەرنى ئېغىز تەگسۇن دەپ بىر كورا تېرىپ شەھەرگە قاراپ مېڭىپتىمەن. كاساپەت يامغۇرنىڭ بۇنداق قاتتىق يېغىپ كېتىشىنى كىم بىلسۇن؟ تېيىلىپ ئېرىققا چۈشۈپ كېتىپ قوپالمايۋاتسام، بىرسى «چوڭ ئانا، قوللىرىنى ئە ـ كەلسىلە، مەن تارتىۋالاي» دەۋاتىدۇ. قارىسام قەمەرجان بالام ئىـ ـ كەن. ئۇ ئېرىقتىن تارتىپ چىقىرىۋالدى. بولمىسا سۇدا ئېقىپ كېتىپ... ھەي، بولدى. رىسقىم بار ئىكەن، — دېدى.

ئانام چىڭ چىگىلگەن باش ياغلىقىنى يېشىپ كورىنى ئالـدى ـ ده، ئاغزىنى ئېچىپ ئالدىمىزدا قويدى. قەمەرجان ئىتتىك ماڭا قا ـ رىدى. مەن:

ـــ يە ئوغلۇم، ـــ دېدىم.

ئايالىممۇ ئۈجمىگە قول ئۇزاتتى. مېنىڭ بولسا كـورىدا «مېنـى يە» دەپ جىلۋىلىنىپ تۇرغان ئاق ئالتۇندەك ئۈجمىگە قول ئـۇزات ـ قۇم كەلمەيتتى. شۇ تاپتا مەن ئۈچۈن كورىدىكى ئاق ئۈجمىلەر ئاق ئەمەس قىپقىزىل يالقۇنجاپ تۇرغان چوغ ئىدى. ھەي... مەن مۇشـۇ ئون مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، قاتتىق يـامغۇر يېـغىۋاتقـان شارائىتتا ئىدارىدىن ئۆيگە كەلگۈچە ئۆزۈمـنىلا ئويـلاپ، ئادەملىـك بۇرچۇمنى ئۇنتۇپتىمەن.

مەن قەمەرجانغا قارىدىم. ئـۇ شۇ تاپتـا ئىشتـىھا بىـلەن ئۈجمـە يېمەكتە ئىدى.

ـــ يە ئوغلۇم، يە، بۇ ئاق ئۈجمىنى سەنلا يېيىشكە ھەقلىق، ـــ دېدىم ئىچىمدە ۋە بىردىنلا ئۆزۈمدىن ئىزا تارتىپ قالدىم.

# ماسكا

«ئاينىڭ بېشىدا قار ياغسا، ئاينىڭ ئاخىرىغىچە قار ياغىدۇ» دې-گەن گەپ راست بولسا كېرەك. يانۋار ئېيى كىرىش بىلەنلا ياغقان قار يانۋارغا ئون بەش بولغان بۈگۈنكى كۈنگىچە بىر كۈن يېغىپ، بىر كۈن توختاپ دېگەندەك ئون نەچچە كۈن ياغقان بولدى.

ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ هويلىغا چىقسام غۇر - غۇر شامال چىقىۋېتىپتۇ، ئۇششاق قارمۇ يېغىۋېتىپتۇ. مەن ئالدىراپ يۈزۈمنى يۇيدۇم - دە، ناشتا قىلىپ بولۇپ مەكتەپكە بېرىش ئۈچۈن كىيىند-دىم. ئاخشام يۇيۇپ ئۈيدىكى سىمغا ئېسىپ قويغان ماسكام قۇرۇ-مىغاچقا، ماسكىنى تاقىمايلا مېڭىشقا توغرا كەلدى.

نەچچە كۈندىن بۇيان ياغقان قار يولدا مۇز بولۇپ قېتىپ كەت-كەن بولغاچقا ۋېلىسىپىتنى تېز رەك هەيدەشكە بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شامالغا قارشى ماڭغىنىم ئۈچۈن يۈز - كۆزلىرىمگە ئۇ-رۇلغان قار كۆز ئاچقۇزمايتتى. بىردەم ماڭغاندىن كېيىن يۈزلى-رىم، ئېغىز - بۇرنۇم توڭۇپ هېچنېمىنى سەزمەس بولۇپ قالدى. چىشلىرىم بولسا توختىماي كاسىلدايتتى. هەي، بىر ماسكا بولسا - هە؟ دەيتتىم ئۆزۈمگە.

مەن مەكتەپكە كېچىكىپ قالماسلىق ئۈچۈن ۋېلىسىپىتنى سەل ئىتتىكلىتىپ مېڭىپ، بىر كەنت مەركىزىدىكى تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ بىر بوتكىنىڭ ئالدىدا ماسكا سېتىۋېلىپ تاقاۋاتقىنىنى كۆرۈپ ۋېلىسىپىتتىن چۈشتۈم، ۋېلىسىپىتنى دەسسىتىپ قويۇپ بىر ماسكا ئېلىش ئۈچۈن كىشى-لەر ئارىسىغا سىغدىلىپ كىردىم. قېلىن كىيىنگەن، ئاغزىغا بىر ماسكىنى تاقىۋالغان 13 ~ 14 ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا ماسكا

سېتىۋاتاتتى.

— ماسكىنىڭ بىرسى قانچە پۇل؟ — دېدىم يېشكىتىكى ماس-كىدىن بىرنى قولۇمغا ئېلىپ.

— مۇئەللىم، سىلى... — دېدى ئۇ بالا دۇدۇقلاپ.

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ماسكا ساتقۇچى بالىغا قارىدىم - دە، تۇرۇپ قالدىم. بۇ ماسكا ساتقۇچى بالا باشقا بىرسى ئەمەس، مېنىڭ ئوقۇغۇچۇم سەلەي ئىدى. بىز تونۇغۇن ئوقۇغۇچىلارنى قىشلىق تەتىلگە قويۇپ بەرگەنىدۇق.

سەلەي سىنىپىنىڭ سىنىپ باشلىقى بولۇپ، خېلى دىتى بار بالا ئىدى. چۈنكى ئۇ يىللاردىن بۇيان ئەلاچىلىقنى قولدىن بەرمەي ئو-قۇش بىلەن سىنىپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ كەلگەنىدى. ئۆت-كەن ئايدا مەكتەپتە يۇقۇملۇق زۇكام تارقالغان، سىنىپتا ئاچچىق-سۇ، سامساق قايناتقاندىن باشقا، ئۇ ئوقۇغۇچىلاردىن بەش مودىن پۇل يىغىپ سىنىپتىكى ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا بىردىن ماسكا سې-تىۋېلىپ تارقىتىپ بېرىپ، مەكتەپتىكى ھەممىمىزنى ھەيران قالدۇرۇۋەتكەنىدى. مانا بۇگۈن ئۇ مۇشۇ سەھەردىكى سوغۇقتا چىداپ تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى بوتكا ئالدىدا ماسكا ساتقىلى تۇرۇپتۇ. بۇ نېمە دېگەن ياخشى ئەقىل - ھە؟ پەيتمۇ شۇنداق ياخ-شى تاللىنىپتۇ. ھەي سەلەي، ھەي سەلەي!...

ماسكا سېتىۋالغان كىشىلەر سەلەينىڭ ئالدىدىكى يەشىككە بىر يۈەندىن پۇل تاشلاپ، سېتىۋالغان ماسكىلىرىنى تاقاپ مېڭىشقا باشلىدى. سەلەي بولسا مېنى بىر نېمە دەمدىكىن دەپ قورقۇپ يەرگە قاراپ تۇراتتى. مەن گەپ - سۆز قىلماستىن قولۇمغا ئالغان ماسكىنى تاقىدىم - دە، يانچۇقۇمغا قول سېلىپ پۇل ئالدىم.

— مۇئەللىم، مېڭىۋەرسىلە، سىلىدىن پۇل ئالسام قانداق بو-لىدۇ، — دېدى ئۇ قولۇمغا ئېسىلىپ.

— ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ، سەن ناھايىتى ياخشى ئىشتىن بىرنى قىلىپسەن. مۇشۇ سوغۇقتا بىر ماسكىغا ئېرىشكەن كىشى

قانچىلىك خۇش بولىدۇ ـ ھە؟ — دېدىم ۋە سەلەيىنىڭ يەشىكىگە بىر يوەن تاشلىدىم.

سەلەيىنىڭ يۈزى ۋىلىلىدە قىزاردى ۋە:

— سىلىنى تەتقىدلەيدىغان بولدى دەپ قورققانىدىم مۇئەللىم، — دېدى.

— مۇشۇنداق ياخشى سودا بىلەن شۇغۇللىنىش خاتا ئەمەس. قارا، كىشىلەر سېنى ماختىشىپ كېتىپ بارمامدۇ؟ بالىلارمۇ بازار ئىگىلىكىگە قاتناشسا، ھالال سودا بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ. دۇنيادىكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان نۇرغۇن كارخانىچىلار، شىركەت خوجايىنلىرى ئىشنى كىچىك ئىشلاردىن باشلىغان. بىراق سەلەي، ئەتىگەندە سوغۇق ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن دىققەت قىل، تەتىللىك تاپشۇرۇقلىرىڭنى تولۇق ئىشلە، دەرسلەرنى تەكرار قىل. سودا ئىشى دېگەن بىلىمنى ئەڭ كۆپ تەلەپ قىلىدىغان بىر كەسىپ، — دېدىم.

— چوقۇم شۇنداق قىلىمەن، — دېدى ئۇ خۇش بولۇپ.

مەن مەكتەپكە كەتتىم. يول بويى سەلەي ماسكا سېتىش ئىشىنى قانداق ئويلاپ تاپقاندۇ، دەپ خىيال قىلىپ قالدىم.

# مەن مەكتەپكە بارغان كۈنى

## 1

كىچىك دوستلار، ئەينى چاغدا مەنمۇ سىلەردەك كىچىك بالا ئىدىم. قاپقارا ئوتلۇق كۆزلىرىمدە شوخ بالىلىقنىڭ نۇرلىرى چاقنىسا، سەبىي يۈرىكىمدە ئۇلۇغ ئارزۇ ـ ئارمانلار يالقۇنجايتتى. ئاشۇ تال ـ چىۋىقنى ئات ئېتىپ ئويناپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە، قىپقىزىل گالستۇكلىرىنى بوينىغا چېگىپ، سومكىلىرىنى دولىسىغا ئېسىپ مەكتەپكە ماڭغان بالىلارنى كۆرگىنىمدە زوقلىنىپ قاراپ كېتەتتىم. مەنمۇ چوڭ بولسام، مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇسام، دەپ ئويلايتتىم.

كۈنلەر ئايلارنى، ئايلار يىللارنى قوغلاپ ئۆتۈپ مەنمۇ ئوقۇش يېشىغا توشتۇم. بىر كۈنى دادام:

— سېنى مەكتەپكە تىزىملىتىپ قويدۇم. ئەتە مەكتەپكە بارىسەن، — دېدى.

دادامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇش بولۇپ كەتتىم. دادام باش ـ يۈزۈمنى سىلاپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ بالىلىق چاغلىرىم زۇلمەت قاپلىغان ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتە ئۆتكەن. دادام ـ ئانام پومىشچىكنىڭ يىللىقچىسى ئىدى. مەن بولسام پومىشچىكنىڭ قويلىرىنى باقاتتىم. ئاتا ـ ئانام مېنى ئوقۇتۇشقا قادىر بولالمىغانىدى. يۇرتتا مەكتەپمۇ يوق ئىدى. كومپارتىيە ئەل ـ يۇرتقا ئازادلىق ئېلىپ كەلدى. يۇرتلاردا مەكتەپ ئېچىپ يوقسۇللارنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتتى. سەن دېگەن ئازاد دەۋردە چوڭ بولدۇڭ. چوقۇم مەكتەپكە بېرىپ ياخشى ئوقۇشۇڭ،

دۇنيانىڭ سىرلىرىنى بىلىشىڭ، قانداق ئادەم بولۇشنى، قانداق يا-شاشنى، ۋەتەنگە، خەلققە، ئوقۇتۇۋاتقان ئۇستازلىرىڭغا، بېقىپ چوڭ قىلغان بىزگە جاۋاب قايتۇرۇشنى ئۆگىنىشىڭ كېرەك. بالام، سېنىڭ خۇش بولغىنىڭنى كۆرۈپ مەنمۇ خۇش بولدۇم. مەن ھەر قانچە جاپا تارتساممۇ سېنى ئوقۇتىمەن. سېنى ئوقۇتۇش مېنىڭ بۇرچۇم. ياخشى ئوقۇپ بىلىملىك ئادەم بولۇش سېنىڭ بۇرچۇڭ، — دېدى ۋە قولۇمدىن يېتىلەپ چىقىپ كەنت مەركىزىدىكى ماگىزىن-دىن بىر سومكا، ئون دەپتەر، ئىككى قېرىنداش قەلەم ئېلىپ بەردى.

مەن دەپتەرنى سومكىغا سېلىپ، سومكىنى دولامغا ئېسىپ مې-ڭىۋېدىم ئۆزۈمنى ئاجايىپ بەختىيار سەزدىم. ئۆيگە كىرگىنىمدە ئانام «مۇبارەك بولسۇن، ياخشى ئوقۇ ئوغلۇم» دەپ مۇبارەكلىدى.

كەچلىك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، كەچقۇرۇنلىرى مە-ھەللىمىزدە قىزىپ كېتىدىغان «بۇك ـ بۇكچى» ئويۇنىنىمۇ ئوي-نىماي، بالدۇر يېتىپ سەھەر تۇرۇپ مەكتەپكە بېرىشكە تەييارلاندىم.

ئەتە مەكتەپكە بارىمەن. بىلىم بۇلىقىغا، بۇركۇت ئۇۋىسىغا، ئالتۇننى تاۋلايدىغان ئوچاققا بارىمەن، بىلىم ئالىمەن. ئۇ يەردە تاۋلىنىپ ئەلگە كېرەكلىك ئادەم بولۇپ چىقىمەن. ئېھ، مەك-تەپ!...

شادلىق، ھاياجان ئىچىدە خىيال سۈرۈپ قاچانلاردا ئۇخلاپ قال-غانلىقىمنى بىلمەيمەن. چۈشۈمدە مەكتەپكە بېرىپتىمەن.

## 2

ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىرىنچى سېنتەبىر، تاڭ سەھەر، شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن قىزىل قۇياشنىڭ ھايات بەخش ئەتكۈچى نۇرى گۈل ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرىدا، پىشقان ئالما ـ ئامۇتلار-نىڭ مەڭىزلىرىدە يالتىرايتتى. مەن دادامنىڭ «تېخى ئەتىگەن» دې-گىنىگە ئۇنىماي، ھەدەپ مەكتەپكە بېرىشقا ئالدىرايتتىم. باللار

مەكتەپكە ماڭدىمىكىن دەپ بىرنەچچە قېتىم ئىشىك ئالدىغىمۇ چىقىپ كىردىم.

تۇرۇپ ـ تۇرۇپ بوينۇمغا ئېسىۋالغان سومكىنى سىيلاپ قوياتتىم. مەكتەپكە بېرىشقا ئىنتىزار بولۇپ كەتكىنىمنى كۆرگەن دادام: «يۈر» دەپ قولۇمدىن يېتىلەپ مەكتەپكە ئېلىپ ماڭدى. قاندا'ق خۇشاللىق ـ ھە؟

مەكتەپكە كېتىۋېتىپ يۈرىكىم ھاياجاندىن دۈپۈلدەپ سوقاتتى. سەھەرنىڭ سالقىن شامىلىدا يول بويىدىكى دەرەخلەرنىڭ يېنىك شىلدىرلاشلىرى، قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى مېنىڭ مەكتەپكە قاراپ مېڭىۋاتقىنىمنى تەبرىكلەۋاتقاندەك بىلىنەتتى. يولدا ئۇچرىغان ھەربىر كىشى مېنىڭ مەكتەپكە قاراپ ماڭغىنىمنى كۆرۈپ ياخشى تىلەكلەرنى بىلدۈرۈشتى.

دادام بىلەن مەكتەپ ئالدىغا كەلگەندە مەكتەپ دەرۋازىسى بىردىنلا كەڭ ئېچىلىپ «مەرھابا، قەدىمىڭ قۇتلۇق بولسۇن» دېدى. مەن قورقۇپ كېتىپ جايىمدا جىم تۇرۇپ قالدىم. شۇ چاغدا مەكتەپ:

— ئوقۇش ئۇچۇن كەلگىنىڭنى قارشى ئالىمەن. كەل ئوغلۇم، مېنىڭ ئىسمىم مەكتەپ، مەن سېنىڭ يەنە بىر ئاناڭ. سېنى تەربىيەلەپ چوڭ قىلغۇچى. خاتايىڭنى تۈزەپ ئوڭ قىلغۇچى. سېنى توغرا يولغا باشلىغۇچى. ئاناڭ ساڭا ئاق سۈت بەردى. مەن ساڭا بىلىم، يېڭىلمەس كۈچ ـ قۇۋۋەت، سەرپ ئەتسەڭمۇ تۈگىمەيدىغان بايلىق بەرگۈچى. سېنى ئارزۇيۇڭغا يەتكۈزگۈچى. مەن تەرىپى تىللاردا داستان بىر ماكاندۇرمەن. مېنىڭ قوينۇمدا ئالىملار، پەيلاسوپلار، يازغۇچى ـ شائىرلار، دوختۇرلار، مۇزىكانتلار شۇنداقلا قىلىچتەك تىك تاغلارغا چىقىشتىن، ئوت ـ دېڭىزلارغا كىرىشتىن قورقمايدىغان ئەل سۆيەر باتۇرلار يېتىشىپ چىقىدۇ. قىسقىسى، مەن نېمىنى ئارزۇ قىلساڭ شۇنىڭغا يەتكۈزىمەن. بىراق مېنىڭ بېرىدىغىنىم جاپاسىز قولغا كەلمەيدۇ. مېنىڭ غايىسىزلار،

ھۆرۈنلار، ئەقىلسىزلار، ياڭغانچىلار، مەنمەنچىلەر بىلەن ئەسلا خو-شۇم يوق. شۇڭا سەن بوگۈندىن باشلاپ غايىلىك، ئەخلاقلىق، ئىنت-تىزامچان بولۇشۇڭ، جاپاغا چىداپ تىرىشىپ ئۆگىنىشىڭ كېرەك. شۇنداق قىلالىساڭ ئىللىق قوينۇمنى ئاچىمەن، — دېدى.

مەن مەكتەپنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ دەسلەپ سەل قورقتۇم. كېيىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ قەتئىي ياخشى ئوقۇش، جاپاغا چىداپ، ئەل ئۈچۈن يارامىلىق ئادەم بولۇش توغرىسىدا ۋەدە بېرىپ مەكتەپ ئىچىگە قاراپ ماڭدىم.

## 3

مەكتەپ ئىچىگە كىرگەندە بىر مۇئەللىم ئىشخانىدىن چىقىپ دادامنىڭ ئالدىغا كېلىپ قىزغىن كۆرۈشتى. مۇئەللىم مېنىڭ بوي - تۇرقۇمغا، ئېسىۋالغان سومكامغا قاراپ كۈلۈپ قويدى - دە، بې-شىمنى سىلاپ تۇرۇپ:

— مەن مەكتىپىمىزدىكى بارلىق ئوقۇتقۇچىلارغا ۋاكالىتەن سىنىڭ مەكتىپىمىزگە ئوقۇشقا كەلگەنلىكىڭنى قارشى ئالىمەن، — دېدى.

مۇئەللىمنىڭ ئېگىز، بەستلىك قامىتىگە، نۇر چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ يۈرۈكۈمدىكى قورقۇش، تەشۋىش، يېتىرقاش دې-گەنلەر قاياقلارغىدۇ يوقىلىپ، قەلبىمدە بىر خىل ئىللىق ئېقىم پەيدا بولدى. شۇ چاغدا مۇئەللىم:

— بولدى، بالىنى ماڭا بېرىپ ئىشلىرىڭىزغا بارسىلا، — دېدى دادامغا قاراپ.

دادام قايتىپ كەتتى. مۇئەللىم مېنى يېتىلەپ سىنىپقا ئېلىپ كېتىۋېتىپ:

— مەن سىزنىڭ مۇئەللىمىڭىز بولىمەن. مەن خەلقنىڭ ئاددىي تىلى بىلەن ئېيتقاندا باغۋەن. سىلەردەك گۈل - غۇنچىلارنى پەر-

ۋىش قىلىپ ئۈستۈرگۈچى. چېچەكلىتىپ مېۋىگە كىرگۈزگۈچى. ياۋا شاخلىرىڭلارنى كېسىپ تاشلاپ، توغرا يولغا باشلاپ، ئەخلاقى، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتتىن تەڭ يېتىلدۈرۈپ ۋەتەن ـ خەلققە يارامدىق ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرگۈچى. مەن سىلەرنىڭ گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرىڭلارغا يېتىش يولىدىكى بىر كۆۋرۈك. شۇڭا سىز بۈگۈندىن باشلاپ تەربىيەمنى ئاڭلىشىڭىز، تىرىشىپ ياخشى ئوقۇشىڭىز، ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتۈشىڭىز، مەكتەپكە تولۇق كېلىشىڭىز كېرەك، ــ دېدى.

مەن مۇئەللىمنىڭ ھەربىر سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدىم ۋە چوقۇم تىرىشىپ ئوقۇشقا ۋەدە بەردىم.

بىز سىنىپقا كىردۇق. سىنىپ پاكىز سۈپۈرۈلۈپ سۇ چېچىلغان بولۇپ، ئۈستەللەر رەتلىك تىزىلىپ سۇرتۇلگەنىدى. سىنىپنىڭ تاملىرىغا ھەرپ ۋە ھەرپلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان رەسىملەر چاپلانغان، دوسكا بولسا قاپقارا سىرلانغان بولۇپ، پارقىراپ تۇراتتى. بۇ سەھەردە تۇنجى بولۇپ يېڭىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان سىنىپقا مەنلا كەلگەن ئىكەنمەن.

ــ بۇ سىز ئوقۇيدىغان سىنىپ، ــ دېدى مۇئەللىم ماڭا سىنىپتىكى رەسىملەرنى كۆرسىتىپ ۋە ئالدىدىكى شىرەنىڭ تارتمىسىنى ئېچىپ بىر ئېلىپبە كىتابنى ۋە بىر ھېساب كىتابنى ئېلىپ ئالدىمغا قويدى.

شۇ چاغدا يۇقىرى يىللىقتا ئوقۇيدىغان بىرمۇنچە ئوقۇغۇچىلار بىلەن ماڭا ئوخشاش يېڭىدىن مەكتەپكە كەلگەن باللارنى ئاتا ـ ئانىلىرى يېتىلەپ مەكتەپكە كىرىپ كەلدى. مۇئەللىم ئۇلارنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى.

## 4

مەن مۇئەللىم سىنىپتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئالدىمغا

قويۇپ قويۇلغان كىتابلارنى سۆيۈنۈش بىلەن قولۇمغا ئالدىم. ھايا-جاندىن قولۇم تىترەپ كەتتى. گەرچە مەن شۇ چاغدا بىر خەت، بىر سائنى تونۇمىسامىمۇ كىتابنى ۋاراقلىدىم. شۇ چاغدا كىتاب ماڭا:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئوغۇل. مەكتەپكە ئوقۇغىلى كېلىپ مېنى قولۇڭغا ئالغىنىڭغا رەھمەت. مېنىڭ ئىسمىم كىتاب. مەن ئالەمنىڭ سىرلىرى مۇجەسسەملەنگەن خەزىنە. ئىنسانىيەت ئەقىل-پاراستىنىڭ جەۋھىرى. ئالىملارنىڭ، يازغۇچى-شائىرلارنىڭ، پەيلاسوپلارنىڭ يۈرەك قېنى. ئانا سۈتىدىنمۇ ھالال بولغان ماڭلاي تەرىنىڭ يىغىندىسى. ئىلىم-مەرىپەت ئۆگىنىشكە ئىشتىياق باغ-لىغان ھەربىر كىشى ئۇچۇن مېنىڭ ھەربىر بېتىم بىر ھېكمەت دۇنياسى. ھەربىر قۇرۇم نادانلىق بىلەن ئەقىل-پاراسەت، بوگۇن بىلەن ئەتە، كەلگۈسى ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈك. نادانلار مېنى كې-رەكسىز قەغەز دەپ قارىسا، ئالىملار مېنى تۈگىمەس بايلىق، نۇر-لۇق گۆھەر دەپ قارايدۇ.

ئەي ئوغۇل، ساڭا شۇنى ئېيتىپ قوياي. دۇنيادا كىم مېنى ئە-زىزلىسە، شەكسىزكى ئۇمۇ ئەزىز بولىدۇ. كىم مېنى خار كۆرسە، شەكسىزكى ئۇمۇ خار بولىدۇ.

شۇڭا مېنى قولغا ئالغان كىشى چوقۇم قېتىرقىنىپ، سۆيۈپ ئوقۇشى، مېنى يىرتماي، قالايمىقان جىجىماي چىرايلىق ساقلىشى لازىم. شۇنداق قىلغان كىشىلەرلا مەندىن بىلىم ئۆگىنەلەيدۇ، — دېدى.

## 5

مەن قولۇمدىكى كىتابنى ئېچىشىم بىلەن پۈتۈن ئالەم يورۇپ كەتكەندەك بولدى. كىتابتىكى بىلىم قۇياش بولۇپ نۇر چاچتى. ئۇ قاراڭغۇ دىلنى يورۇتقۇچى. جاھاندا تەڭداشسىز كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە قىلغۇچى، توغرا يول، توغرا نىشانغا باشلىغۇچى، جاھالەت

يىلتىزىنى كۆيدۈرگۈچى بىلىمنىڭ نۇرى ئىدى.

— ئوقۇ، — دېدى بىلىم ماڭا قاراپ، — ئوقۇ، تىرىشىپ ئوقۇ. مەن سەرپ ئەتسە تۈگىمەيدىغان خەزىنىنىڭ ئۆزى. مەن يېڭىلمەس كۈچ. مەن پارلاق يول. ئۇلۇغ نىشان، ئەي ئوغۇل، سەن تۈگىمەس خەزىنىگە، يېڭىلمەس كۈچكە، ئۇلۇغ نىشانغا ئېرىشىشنى خالىمامسەن؟

— ئەلۋەتتە خالايمەن، — دېدىم مەن.

— ياخشى، — دېدى بىلىم، — ئەمما مېنى بىلىش، ماڭا ئېرىشىش ئۈچۈن جاپا تارتىشقا، تەر ئاققۇزۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئىرادىسىز، غايىسىز كىشىلەر ماڭا مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدۇ. سەندە غايە، ئىرادە بارمۇ؟

— بار، — دېدىم مەن، — مېنىڭ ئىرادەم خانتەڭرى تاغلىرىدىن يۈكسەك. مېنىڭ غايەم بىلىملىك بولۇش، بىلىم بىلەن ئىنسانلارنى كۈچلەندۈرۈش، ئۇلۇغ كەشپىياتلارنى يارىتىش، بىلىم بىلەن ئەل - ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش!...

— ياخشى - ياخشى، — دېدى بىلىم سۆزۈمنى بۆلۈپ، — مېنى قانچە ياخشى ئۆگەنسەڭ، ئارزۇيۇڭغا شۇنچە تېز يېتەلەيسەن!...

مەن بىلىمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىمغا يېتىش ئۈچۈن بىلىم ئۆگىنىشكە كىرىشتىم. مەن بىلىمنىڭ ئىنسانلارنى كۆزلىگەن نىشانغا يەتكۈزەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. كىچىك دوستلار سىلەرچۇ؟

1980 ~ 2009 - يىللار. يېڭىسار

# نەسرلەر

# مېنىڭ بېغىم

مېنىڭ مەكتىپىم — مېنىڭ بېغىم. مەن ئاشۇ باغدىكى بىر كۆچەت. ئوقۇتقۇچى ئۇستازلار پەرۋىشلىگۈچى، چېچەكلىتىپ مېۋىگە كىرگۈزگۈچى باغۋەن.

مەن ھەر كۈنى سەھەردە بويىنۇمغا قىزىل گالىستۇكۇمنى چېگىپ، سومكامنى ئېسىپ، بۇ بېغىمغا يېتىپ كەلگىنىمدە، بېغىم «مەرھابا» دەپ كەڭ قۇچاق ئاچىدۇ. باغۋەنلەرنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرى ماڭا زوقمەنلىك بىلەن تىكىلىدۇ. مەن چەكسىز ئىپتىخارلىق بىلەن غۇنچىلار ئارىسىغا قوشۇلىمەن.

مېنىڭ مەكتىپىم — مېنىڭ بېغىم. ئۇ ئانامنىڭ ئىللىق قۇچىقى، ئۇ ئىلىم - مەرىپەتنىڭ يالقۇنلۇق ئوچىقى. بىزدە «ئالتۇن ئوتتا سىنىلىدۇ» دەيدىغان تەمسىل بار. ئالتۇن ئوتتا سىنالغاندىلا ئەلگە كېرەكلىك بولالايدۇ. مېنى باغۋەنلەر مول بىلىم، ئۇلۇغ پەزىلەت، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن تەربىيەلەپ، بىلىم بۇلىقىدا سۇغىرىپ، ئەلگە كېرەكلىك ئالتۇن قىلىپ چىقىش ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلماقتا! مەن ھەر كۈنى مەكتىپىمگە كەلگەندە، ئىرادەمنىڭ چىڭىۋاتقانلىقىنى، بىلىمىمنىڭ ئېشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمەن.

مېنىڭ مەكتىپىم — مېنىڭ بېغىم. ئۇ بۈگۈن بىلەن ئەتە ئوتتۇرىسىدىكى يىمىرىلمەس قورغان. ئەل سۆيەر، باتۇر، ئىجادكار ئەۋلادلارنى تەربىيەلەپ چىقىدىغان بازا. ئەلنىڭ بۆشۈكى. مەن ئاشۇ بۆشۈكتە نۇرغۇن ئارزۇ - ئارمانلارنى قەلبىمگە پۈكۈپ تەربىيەلەنمەكتىمەن، تىرىشماقتىمەن. مەن ئارزۇيۇمغا چوقۇم يېتەلەيمەن.

مېنىڭ بېغىم، مېنىڭ ئۇستازلىرىم مېنى ئارزۇيۇمغا چوقۇم يەتكۈزىدۇ.

# بىر تال سەرەڭگە

قولۇمدا قامىتى ئىنچىكە، خىزمىتى ئالەمچە، يورۇقلۇق بەرپا قىلغۇچى بىر تال سەرەڭگە. ئەي سەرەڭگە، خىسلىتىڭ قانچە، پەزىلىتىڭ شۇنچە. ساڭا قارىسام ئىلھامىم تاشىدۇ. سەن كۆيىسەن. سەن ئۆز جىسمىڭنى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق كىشىلەرگە ئاتا قىلغان يورۇقلۇق بىلەن نۇرغۇن نادىر ئەسەرلەر تاڭ ـ تاڭلارغىچە يېزىلدى. قاراڭغۇدا ئىڭرىغان مەسۇم بوۋاقلار ئانا قۇچىقىدا ۋىلىقلاپ كۈلدى.

ئەي سەرەڭگە، مەن قولۇمدىكى بىر تېلىڭغا قاراپ خىيال سۈرمەكتىمەن. ئۆز جىسمىنى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق كىشىلەرگە يورۇقلۇق بېرىدىغان خىسلىتىڭگە ئاپىرىن ئوقۇماقتىمەن. سەرەڭگە، سەن مېنىڭ مېھرىبان ئۇستازىمغا نېمىدېگەن ئوخشايسەن ـ ھە؟ مېنىڭ قەلبىم بىردىنلا نۇرلاندى.

ئېھ، كۆڭلۈم زېمىنىغا ئىجاد ئۇرۇقىنى چېچىپ، قاراڭغۇ دىلىمغا ئۆزىنى سەرەڭگىگە ئوخشاش كۆيدۈرۈش ئارقىلىق يورۇقلۇق ئاتا قىلغۇچى ئۇستاز، بايرىمىڭىزغا مۇبارەك!

شۇ تاپتا مەن، سىزنىڭ سىنىپتا دەرس سۆزلەۋاتقىنىڭىزنى، بىز ئۈچۈن خۇددى بىر تال سەرەڭگىدەك كۆيۈپ، بارلىقىڭىزنى بېغىشلاۋاتقانلىقىڭىزنى كۆرۈۋاتقاندەك بولۇۋاتىمەن. قەلبىڭىزنىڭ پاك ـ غۇبارسىزلىقىنى، ئەمگىكىڭىزنىڭ جاپالىق ۋە شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى، ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىڭىزنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، شۇ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىڭىزنى بىزگە بىلىم بېرىش، بىز ئۈچۈن بارلىقىڭىزنى تەقدىم قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن شۇنچىلىك تىرىشقانلىقىڭىزنى ئويلىسام، سىزگە بولغان ھۆرمە-

تىم ھەسسىلەپ ئاشىدۇ.

قەدىرلىك ئۇستازىم، تۇرۇپلا سىزنى بىر تال سەرەڭگىگە ئوخ-شاتقىنىمدىن خىجىل بولۇپ قالدىم. سىزنى كىشىلەر كۆيۈۋاتقان شامغا ئوخشاتقان ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ سەرەڭگىگە ئوخشاتقىنىم نې-مىسى؟ ياق، مەن ئۇستازنى قۇياشقا ئوخشىتاي. ئەمدى توغرا بول-دى.

ئېھ ئۇستاز! سىز شام بولۇڭ، قۇياش بولۇڭ! مەن سىزنىڭ ئال-دىڭىزدا بىر تال سەرەڭگە بولالىسام بولدى.

# ئۇستازىمغا

قەدىرلىك ئۇستازىم! سىز خەلقىمىزنىڭ ئاددىي تىلى بىلەن ئېيتقاندا باغۋەن. بۇ خەلقىمىزنىڭ سىزگە بولغان مەدھىيەسى. سىز بۈگۈن بىلەن ئەتە ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈك، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئاتىسى. بۇ تارىخنىڭ سىزگە بەرگەن ئېنىقلىمىسى. سىز ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى. بۇ ئۇلۇغلارنىڭ سىزگە بەرگەن باھاسى. سىز ئون قەدەم يىراقتىن سالام بېرىشكە ئەرزىيدىغان كىشى. بۇ ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ سىزگە بولغان ھۆرمىتىنىڭ يەكۈنى. سىز سەنئەت ئىچىدىكى ئەڭ قىيىن، ئەڭ مۇھىم بولغان تەلىم - تەربىيە سەنئىتىنى دوسكا ئالدىدا ئورۇنلىغۇچى سەنئەتكار. سىز دىللارنى ئىلىم - مەرىپەت نۇرى بىلەن نۇرلاندۇرغۇچى مەشئەل. سىز ئۆز يورۇقلىقىڭىزنى باشقىلارغا بېرىپ ئاستا - ئاستا كۆيۈپ تۈگەيدىغان شام. بۇ سىزنىڭ ئاۋام خەلق قەلبىدىكى ئوبرازىڭىزنىڭ سىماسى. قەدىرلىك ئۇستازىم، سىزنىڭ يۇقىرىقىدەك شەرەپلەرگە ئىگە بولۇشىڭىز بارلىق ئەقىل - پاراسىتىڭىزنى، كۈچ - قۇدرىتىڭىزنى ۋەتەن ۋە خەلقىمىزنىڭ ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، جاپانى شەرەپ دەپ بىلگىنىڭىزنىڭ، مائارىپ ئارقىلىق ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى باي قىلىشتىن ئىبارەت مۇقەددەس بۇرچنى ئۇستىڭىزگە بەجانىدىل ئالغانلىقىڭىزنىڭ شەرىپىدۇر.

قەدىرلىك ئۇستازىم، سىز بىزنىڭ ھامىيمىز. سىزنىڭ قەلبىڭىز ئانا قەلبىدەك ئالتۇندىنمۇ ساپ، زۇمرەتتەك سۈزۈك، غۇبارسىز، تەمەنناسىز بولغاچقا، ئۇلۇغ پەيلاسوپلاردىن بىرى «دۇنيادا ئىككى ھامىي بار. بىرى ئانا، بىرى ئۇستاز» دېسە، بىرى: «ئوقۇتقۇچى ئۇستازلار ئۆزى ئۆگەنگەن بىلىملەرنى باشقىلارغا بېرىشتە

باھا تالاشمايدىغان ئالىيجاناب سودىگەر» دېگەن.

قەدىرلىك ئۇستازىم. ئادەم تەربىيەلەشتىن ئىبارەت ئەڭ شەرەپلىك، ئەڭ مۇقەددەس، ئەڭ جاپالىق ئەمگىكىڭىز ئۈچۈن سىز شۇنداق نامىلارغا ئېرىشىشكە ھەقلىقسىز. سىز يەنە بىر ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشايسىز. ھەسەل ھەرىسى تۈمەنلىگەن گۈل ـ چېچەكلەرگە قونۇپ ھەسەل يىغىپ خەلققە تەقدىم قىلىدۇ. سىزمۇ كېچە ـ كۈندۈز ھېرىپ چارچاشنى ئۇنتۇپ، كىتاب ـ ژۇرنال ئوقۇپ، بىلىم يىغىسىز ۋە ئۇ بىلىملەرنى ئەڭ ئاددىي، چۈشىنىشلىك تىل بىلەن بىزگە يەتكۈزۈپ، قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن ئورۇن ئالدۇرۇپ كەلمەكتىسىز. سىز: «قەيسەر ئىرادە دۇنيادىكى ھەر قانداق ئېگىز چوققىنىمۇ بويسۇندۇرالايدۇ، سىلەر قەيسەر ئىرادىلىك بولساڭلار ئارزۇيۇڭلارغا چوقۇم يېتەلەيسىلەر» دەپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى يېزىپ دۇنيادا كاتتا شۆھرەت قازانغان ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ سەكسەن ياشلارغا كىرىپ قالغىنىغا قارىماي باغداتتىن قايتىپ كېلىپ، بىلىمنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئەلگە نامايان قىلىش ئۈچۈن ئۆز يۇرتى ئوپالدا مەدرىسە ئېچىپ، بىلىم قابىلىيەتتە يېتىلگەن ئىزباسارلارنى تەربىيەلىگەنلىكىنى مىسال قىلىپ، بىزنىڭ قەلبىمىزنى بىلىم نۇرى بىلەن يورۇتتىڭىز. سىزنىڭ «بىلىكى كۈچلۈك بىرنى يەڭگەنلىكى، بىلىمى كۈچلۈك مىڭنى يەڭگەنلىكى» توغرىسىدىكى بايانلىرىڭىز بىزنى جاپانى يېڭىشكە، ئۆگىنىشكە، ئىجاد قىلىشقا، تۆھپە يارىتىشقا ئۈندىمەكتە.

قەدىرلىك ئۇستازىم. سىز، پەقەت سىزلا قاراڭغۇلۇقتىن يامان بولغان جاھالەتنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتقۇچى. پەقەت سىزلا بىلىم بىلەن ئىنسان قەلبىنى نۇرلاندۇرغۇچى، بىلىم بىلەن ئىنسان ۋۇجۇدىنى كۈچلەندۈرگۈچى! شۇڭا سىزدە تەلەپچان ئاتىنىڭ ئىناۋىتى، مېھرىبان ئانىنىڭ مۇھەببىتى بار. سىز، بىز كۆچەتلەرگە ھاياتلىق بەخش ئەتكۈچى پاك زىلال سۇ. سىز بىزگە بەخش ئېتىدىغان

سۇ، ئىككى ئاتوم ھىدروگېن بىلەن بىر ئاتوم ئوكسىگېندىن تەركىب تاپقان بولماستىن، ئۇ ئەخلاقى، ئەقلىي، جىسمانىي ۋە گۈزەللىكتىن ئىبارەت تۆت ئېلېمېنتتىن تەركىب تاپقان ئابى ھايات! قەدىرلىك ئۇستازىم. سىز، بىز كۆچەتلەرنىڭ ياۋا شاخلىرى ئۈچۈن رەھىمسىز قايچا. سىزنىڭ مېھرىڭىز كۆچەتلەرنى كۆكەرتىدۇ، سىزنىڭ تەرىڭىز ئالتۇن بولۇپ يالتىرايدۇ. سىزنىڭ قەلبىڭىز چەكسىز كەتكەن كائىنات، يۈرىكىڭىز نۇر چېچىپ تۇرغان سېخىي قۇياش! سىزدىن تەربىيە ئالغانلار سىزنى كۈنسېرى كۆككە كۆتەرمەكتە، ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكى كىشىلەر كۆككە كۆتۈرۈلگەن سىزگە قاراپ پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن چاۋاك ئۇرماقتا. ئۇلار:

«ئۇستازىم، بىزنىڭ ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن ياراتقان ھەربىر كەشىپىياتىمىزدا، ئۇتۇق ـ غەلبىمىزدە، ناخشا ـ ئۇسسۇلىمىزدا سىزنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىڭىز بار» دېيىشمەكتە.

ئەي قەدىرلىك ئۇستازىم. مەن سىزگە شۇنداق خىتاب قىلىمەن: كۆككە كۆتۈرۈلگەن بولۇتتىن ئەل ئۈچۈن شىپالىق يامغۇر تۆكۈلىدۇ. ۋەتەن ۋە خەلق ھۆرمىتىدىن كۆككە كۆتۈرۈلگەن سىزمۇ پۈتۈن بىلىمىڭىزنى ئەلگە تۆكۈڭ، خەلق قەلبىگە تۆكۈڭ، بىزدەك مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ قەلبىگە تۆكۈڭ! بىلىم بىلەن مىللىتىمىز روناق تاپسۇن، ۋەتىنىمىز گۈللەپ ياشنىسۇن!

# قىش

قىش!

زېمىن ئۇيقۇغا كەتكەن كۈنلەر!...

مەن قىشنى ياخشى كۆرىمەن. قىشنى ياخشى كۆرگەنلىكىم — باھارنى ياخشى كۆرگەنلىكىم. چۈنكى قىش ئۆتسە باھار كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟

كەچ كۈز كەلدى. ئۇ ئالتۇن ياپراقلارنى تۆكتى. زېمىندىكى يېشىللىقنى يۇتۇپ كەتتى.

قىش مەۋسۇمى كەلدى. ئۇ زېمىننى ئاپپاق قار بىلەن ئوراپ، ئۇنى ئۇيقۇغا ئېلىپ كەتتى. قارالىق، زېمىننىڭ چۈشىگە باھار كىرىۋاتىدۇ. زېمىننىڭ باھارنى سېغىنىپ تۆككەن ياشلىرى ئاپپاق قىرووغا ئايلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. قىش كېلىشى بىلەن دەريا، ئېرىق — ئۆستەڭلەردىكى سۇلارنىڭ شوخلۇق بىلەن ناخشا ئېيتىپ ئېقىشىمۇ توختاپ، ئۇستىنى بىر قەۋەت مۇز قاپلىدى. مۇز ئاستىدا بولسا ئۇلۇغ سۇ. ئۇ توسۇۋالغىلى بولمايدىغان ھاياتلىق كۈچىدەك ئۇن — تىنسىز ئاقماقتا. ئۇ ئاقسۇن، ئۇ باھار ئۈچۈن، باھارنى سېغىنىپ ياشاۋاتقانلار ئۈچۈن ھاياتلىق بەخش ئەتسۇن. دۇنيادا ھاياتلىق سۇ — غىلا باغلىق.

مەن كۆزلىرىمنى يىراقلارغا تىكتىم. ۋەتىنىمنىڭ بەستىگە تو — لىمۇ ياراشقان ئاپپاق تونىدىن قايتقان نۇرلاردىن ھاسىل بولغان ھەسەن — ھۈسەندەك رەڭگارەڭ نۇرلار، كۆك قەھرىدە قانات قې — قىۋاتقان لاچىنلار مېنى ئاجايىپ شادلاندۇردى.

مەن باھارنى سېغىنىپ باغلارغا قارىدىم. ئوھوي، باغلار باھار تۇسىنى ئاپتۇ. مېۋىلەر چېچەكلەپتۇ. ياق — ياق، قىشتا مېۋە چې —

چەكلىمەيدۇ. دەرەخلەر قار چېچەكلىرىدىن لىباس كىيىپ، كىشىلەرگە باھارنى سېغىندۇرۇپتۇ.

ئېھ، قار چېچەكلىرى، سىلەر باھار كېلىش بىلەن ھۆپپىدە ئېچىلىدىغان چېچەكلىرىگە ئورۇن بېرىشكە تەييارلىنىڭلار، بەلكىم كۆردۈڭلار، دەرەخلەردىكى بىخلار قىزىرىپ چوڭىيىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار باھارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى تۇيۇپتۇ. چېچەك ئېچىشقا ئالدىراپتۇ. مەنمۇ قىشلىق چاپان، ئۆتۈكلىرىمنى سېلىۋەتتىم. بىر بىرلىكتە باھارنى كۈتۈۋالايلى. ئەتە باھار!...

# باھار شامىلىغا

باھار كەلدى.

تاڭ سەھەردە شەرق ئاسمىنى سۇس ھال رەڭگە كىرىش بىلەن
ئۆچۈش ئالدىدا تۇرغان يۇلتۇزلار، باھار كېلىش بىلەن تەڭ يېشىل
شايىغا ئورالغان ۋەتىنىمىنىڭ گۈزەل تاغ ـ دەريالىرى، جەننەت كە-
بى باغلىرى، مول ھوسۇللۇق ئېتىزلىرىغا زوقمەنلىك بىلەن باق-
تىم. تاڭ ئەلچىسى بولغان تورغاي، كۆككە كۆتۈرۈلۈپ، بار ئاۋازى
بىلەن سايراپ باھارغا مەدھىيە ئوقۇپ، كىشىلەرنى ئۇيقۇدىن ئويى-
غىنىپ ھاياتلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىردى.

شەرق ئاسمىنىدىن تاڭ قۇياشى كۆتۈرۈلدى. سېخىي قۇياش
كەڭ زېمىنغا ئۆزىنىڭ ئىللىق نۇرىنى سەپتى. ئېتىزلاردا ئەمگەك
ناخشىسى ياڭرىدى. باغلارغا كۆچەتلەر تىكىلدى. يېڭى ـ يېڭى
باغلار بەرپا قىلىندى. بولۇق ئۆسكەن بۇغداي مايسىلىرىغا قاراپ
كۈلگەن دېھقانلارنىڭ چىرايىدىكى شادلىق، زاۋۇتتىن تۇنجى يېڭى
مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقارغان ئىشچىنىڭ خوشلۇقىنى كۆرۈش ئا-
دەمگە نېمىدېگەن ھوزۇرلۇق ـ ھە؟

مەن شۇ سەھەردە مەكتىپىمگە قاراپ يول ئالدىم. باھارنىڭ
ئەرك شامىلى ئوت مەڭزىمنى سۆيۈپ ئۆتەتتى. يېشىللىققا چۆمۈل-
گەن تاغ ـ دالا، ئېتىز ـ قىرلار قەلبىمنى چەكسىز سۆيۈندۈرەت-
تى. مەن باھار شامىلىغا دېدىم:

— ئەي يۇرەكلەرگە ھوزۇر بېغىشلىغۇچى باھار شامىلى، ئانا-
سىنىڭ ئاق سۈتىنى ئېمىپ چوڭ بولغان ھەربىر پەرزەنتىنىڭ يۇ-
رىكىگە ۋەتەن ئىشقىنى سېلىپ ئۆت، ئۇلارنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن
ئويغات. ئۇلار يېڭى باھارنى كۆرسۇن. ئۆگەنسۇن، ئىشلىسۇن، ئۆز

بەختىنى ئۆز قولى بىلەن ياراتسۇن. «ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ».
سەن ئۇنلۇك خىتاب قىل، «يىلنىڭ بېشى باھاردىن، ئىشنىڭ بېشى
سەھەردىن».

ئەي باھار شامىلى، ساڭا بىرلا ئىلتىماسىم بار. سەن ھەرگىز
مېۋىلىك دەرەخلەردىكى چېچەكلەرنى تۆكمە!...

# باھار كەلگەندە

زىمىستان قىش ئاخىرلىشىپ پەسىللەرنىڭ گۈل تاجى بولغان باھار پەسلى يېتىپ كەلدى. مەن باھار پەسلىنى — كۆكلەمنى ياخشى كۆرىمەن. قاراڭ، بۇ باھار پەسلىگە. سەھەر ياغقان سىم - سىم يامغۇر بىردەمدە توختىدى. مەيىن شامال بۇلۇتلارنى ئېلىپ كەتتى. زەڭگەر ئاسمان ئۆز ھالىتىگە كېلىپ، بىردىنلا يەتتە رەڭدە جۇلالىنىپ تۇرغان ھەسەن - ھۈسەن كۆرۈندى. مەيىن شامال ئوت مەڭىزلەرنى سۆيدى، بوستان چاچلارنى سىلىدى. ساپ ھاۋا بارلىق جانلىقلارنى چەكسىز شادلاندۇردى. تەبىئەت ئويغاندى. سۆگەت ھەممىدىن بەك خۇشال بولۇپ پوتلا چىقىرىپ، يېشىل تونىنى كىيدى. تونۇگۈنكى قىزىل كوس بولغان ئۆرۈك بۈگۈن ئاپپاق چېچەكلىدى. ئالما، ئامۇت، شاپتۇللارمۇ قاراپ تۇرمىدى. باغلار چېچەك بىلەن تولدى. ھەسەل ھەرىلىرى ئىنسانلارغا ھەسەل بېرىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنى باشلىدى. كېپىنەكلەر باغدىكى چېچەكلەر ئارىسىدا ئۇسسۇلغا چۈشتى. چېچەكلەرنىڭ خۇش ھىدى دىماقلارنى مەست قىلدى...

باھار كەلدى. ھاۋا ئىسسىشقا باشلىدى. قىشچە ئۆچەككە كىرىپ ئۇيقۇدا ياتقان قۇرت - قوڭغۇزلار ئويغاندى. باھار ئەلچىلىرى بولغان قارلىغاچ، تورنىلار جەنۇبتىن قايتىپ كېلىپ ئۆز تىللىرى بىلەن باھار ناخشىسىنى باشلىۋەتتى.

يايلاقلار يېشىل تون كىيدى. قارلىق تاغلار، مۇزلۇق چوققىلارنىڭ باشلىرىدىكى ئاق لىچەكلەر سۇ بولۇپ ئېرىپ ئېرىق - ئۆستەڭلەردە زەمزەم كەبى ئاقتى.

باھار كەلدى. يېزا - قىشلاقلاردا ئەمگەك ناخشىسىغا جۆر بولۇپ

تومۇر ئاتلارنىڭ ھەريان چېپىشلىرى، دېھقان تاغىلارنىڭ كۆكەرگەن بۇغداي مايسىلىرىغا كۈلۈپ، بېقىشلىرى، يېڭى ئوسۇللىرىغا ئۈمىد بىلەن ئۇرۇق چېچىشلىرى، باغۋەنلەرنىڭ باغقا تەر تۆكۈشلىرى... ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى، «ياشاش ئۈچۈن كۈرەش»كە ئاتلاندۇراتتى.

باھار كەلدى. مەكتەپ قويىنى گۈل ـ چېچەككە تولدى. باغۋەنلەر جاپالىق ئەجرى بىلەن تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن بىز گۈل ـ غۇنچىلىرى بىلەن مەكتەپ گۈللۈكىگە تىكىلگەن، ئانا تۇپراق ئوزۇق بېرىپ ئۆستۈرگەن گۈللەر تەڭلا چېچەكلىدى. مەن بۇ جۈپ گۈللەرگە قاراپ خىتاب قىلدىم:

ئېچىلىڭلار گۈللەر، ئېچىلىڭلار! بۇ سىلەرنىڭ باھار پەسلىڭلار، ئېچىلىدىغان، خۇش پۇراق چاچىدىغان پەسلىڭلار!...

# چېچەك ۋە مەن

مەن چېچەكنى ياخشى كۆرىمەن.

باھار كېلىشى بىلەن ئىللىق قۇياش نۇرىدىن بەھرە ئېلىپ ئې-چىلىپ، باغلارنى ئاجايىپ تۇسكە كىرگۈزگەن چېچەكلەرنى كۆر-گىنىمدە چەكسىز ھاياجانلىنىمەن. پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى خۇشاللىق قاپلايدۇ. چېچەك، دەيمەن ئۆز - ئۆزۈمگە، سەن باغۋەنلەرنىڭ ھالال تەرىنىڭ مېۋە شاخلىرىدا يالتىرىشى. سەن باغۋەنلەرنىڭ ئەجرىنىڭ چېچەك بولۇپ مېۋىگە ئايلىنىپ خەلققە سۇنۇلۇشى، قىسقىسى سەن تۆھپە — ئەجرىنىڭ بەلگىسى!

بۈگۈن مەن باغقا كىرىپ، يەر يۈزىدىكى ئاپپاق چېچەكلەرنى كۆرۈپ ھاياجاندىن قاتتىق ۋارقىرىۋەتتىم. ئاھ خۇدا، چېچەكلەر تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ تۆكۈلگەن چېچەكلەر مېۋە بولۇش-نى، ئۆزىنى ئۆستۈرگەن تۇپراققا جاۋاب قايتۇرۇشنى، پەرۋىش قىلغان باغۋەنگە نەپ يەتكۈزۈشنى خالىمامدىكىن - يە؟

مەن يەردىكى تۆكۈلۈپ ياتقان چېچەكلەردىن كۆز ئۈزۈپ، ئۆ-رۈك، ئالما شاخلىرىدىكى چېچەكلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ قالدىم. شاخلاردىمۇ ئاپپاق چېچەك تۇرۇپتۇغۇ؟ يەرمۇ ئاق، دەرەخلەرمۇ ئاق...

— ھا... ھا... ئارقامدىن كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۆرۈلۈپ قا-رىسام باغۋەن بوۋاي ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇ:

— ئوغلۇم، پەرىشان بولما، ئۇ تۆكۈلگەن چېچەكلەر ياۋا چې-چەك. ئۇ چېچەكلەر مېۋە بولمايدۇ. ئېچىلىپ ئۈچ - تۆت كۈندە چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۇنداق مېۋە بولمايدىغان ياۋا چېچەكلەرگە شاخلارمۇ ئۆزىدىن ئورۇن بەرمەيدۇ، — دېدى.

مەن باغۋەن بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ چوڭقۇر ئويغا چۆمدۈم. كىچىك دوستلار، مەن شۇنى دېمەكچىمەنكى، بىزمۇ ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان چېچەك. بىزمۇ ياۋا چېچەك بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ تىرىشىشىمىز، ئۆز تەقدىرىمىز ئۈستىدە ئويلىنىشىمىز، مېۋە بېرىدىغان چېچەك بولۇپ ئېچىلىشىمىز لازىم.

مەن مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقىنىمدا كۆزلىرىمگە قىپقىزىل ئالما، ئۆرۈكلەر، ساپسېرىق ئەنجۈر، بېھىلەر كۆرۈنگەندەك بولدى. مەن ئۆز ئەھۋالىمنى، چېچەك بولۇپ ئېچىلغاندىن كېيىنكى ئۆز بەختىمنى، ۋەتەن، خەلق ئالدىدىكى ھالىتىمنى كۆردۈم.

ئېھ، دەرەخ شاخلىرىدىكى مول ـ ھوسۇلدىن دېرەك بېرىپ تۇرغۇچى چېچەكلەر، مېۋە بەرمەيدىغان، شاخ ئۆزىدىن ئورۇن بەرمىگەن تۆكۈلگەن ياۋا چېچەكلەر، سىلەرنىڭ مېنى مېۋە بولۇش ئويىغا كەلتۈرگىنىڭلارغا كۆپ رەھمەت!



# ئۇستاز سۆزى

مەن ئوتتۇز يىلنىڭ ئالدىدا ئوقۇغۇچى — ئۆگەنگۈچى ئىدىم. ھازىر ئۆگەتكۈچى — ئۇستاز بولدۇم. ماڭىمۇ ئۇستازىم ئۆگەتكەنتەك، يارامىلىق ئادەم بولۇش، ئەل - ۋەتەن ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش توغرىسىدا كۆپ تەربىيەلەرنى بەرگەنىدى. گەرچە مەن ئۆگەتكۈچى ئۇستاز بولغان ئوتتۇز يىلدىن بۇيان ھەر كۈنى، ھەر سائەتتە سىزگە بىلىم، ئەخلاق، تۆھپە، قىمىقىسى ئادەم بولۇش يوللىرى توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىۋاتقان بولسامۇ رىقابەتكە تولغان يېڭى ئەسىرنىڭ كىرىشى، بىلىمنىڭ يېڭىلىنىشى، بازار ئىگىلىكىنىڭ تىكلىنىشى، ماڭا ئۇستازلىق سۈپىتىم بىلەن سىزگە يەنە نۇرغۇن سۆزلەرنى قىلىشىمنىڭ لازىملىقىنى ھېس قىلدۇردى.

سىزنىڭ ھەر كۈنى سومكىڭىزنى كۆتۈرۈپ، روھلۇق قەدەملەر بىلەن مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلگىنىڭىزنى كۆرگىنىمدە، ئوماق چىرايىڭىزدىكى شادلىق، قاپقارا كۆزلىرىڭىزدىن چاقنىغان ئۈمىد - ئىستەك نۇرلىرىغا باققىنىمدا، قەلبىم چەكسىز ھاياجانغا چۆمۈلىدۇ. سىزگە دەيدىغان نۇرغۇن سۆزلىرىم، تەلەپ - ئارزۇلىرىم خۇددى يىپقا تىزىلغان مارجاندەك تىلىمغا تىزىلىدۇ. مەن سىزگە شۇنداق دەي:

ئەي سۆيۈملۈك ئوقۇغۇچۇم! سىز شۇنى بىلىپ قېلىڭكى، يېڭى ئەسىرنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازى، بۇ بىر ئەسىرنىڭ بىلىم رىقابەت ئەسىرى، ياشاش رىقابەت ئەسىرى بولىدىغانلىقىنى پۈتۈن دۇنياغا جاكارلىدى. شائىرنىڭ تۆۋەندىكى قەلىمى مۇنداق مىسرالارنى تىزدى:

مېنىڭ ئامرىقىم كىتابتۇر — كىتاب،
كىتابسىز ئۆزۈمنى سېزىمەن بىتاپ.

بىلىمنىڭ ھەممىسى كىتابتا، ئوقۇ،
مېنىڭدەك ئۇستازدىن ساڭا شۇ خىتاب.

بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ سىزگە، تارىخنىڭ ھايات ـ ماماتلىق سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئىنسانىيەتنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە ئۆز رولىڭىزنى جارى قىلدۇرۇپ، ساپا سېلىشتۇرمىسىدا ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ ياشىشىڭىز ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا، ئۆگىنىشكە، ئىجاد قىلىشقا، ئىشلەشكە، كۈچلۈك رىقابەت ئېڭى ۋە رىقابەتتە ئۇتۇپ چىقىش ئىشەنچى بولۇشقا، قىسقىسى ئادەمدەك ياشاش ئۈچۈن جان پىدا قىلىشتىن باشقا، ھەقىقىي توغرا يول تاللىشىڭىزنىڭ زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويغۇم كەلدى. يېڭى ئەسىر سىزنىڭ يەنە ئىجادچانلىق روھىغا باي بولۇپلا قالماي، رىقابەت ئېڭىغا باي بولۇشىڭىزنى، مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشىڭىزنى، بىلىمنى، پۇرسەتنى، ئۆزىڭىزنى قەدىرلىشىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

سىز شۇنى ئەستىن چىقارماڭكى، بىلىم خۇددى بەدىنىڭىزدىكى قانغا ئوخشايدۇ. بەدىنىڭىزدە قان كەم بولسا تېنىڭىز ئاجىز بولىدۇ. بىلىمىڭىز كەم بولسا رىقابەتتە ئۇتالمايسىز، ياشاش پۇرسىتى يارىتالمايسىز، كەلگەن پۇرسەتنىمۇ قولدىن بېرىپ قويىسىز. سىزگە دېسەم، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى جىسمانىي قۇرۇلۇش جەھەتتە ئوخشاش. ئەمما، ئۇلارنى بۈيۈكلۈكتە پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان نەرسە بىلىمنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىدۇر. بوگۈنكى دۇنيادا بىلىم ھەر كۈنى يېڭىلىنىۋاتىدۇ. دۇنيادىكى ھەربىر خاسىيەتلىك ئىش بىلىم بىلەن بولىدۇ. بىلىملىك، كۈچلۈكلەر ياشاپ، بىلىمسىز، ئاجىزلار يوقالماقتا. بىلىملىك ئادەم ھەرقانداق جايدا قەدىر ـ قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. بىلىمسىز ئادەم بولسا ئېتىبارسىز ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي، بىلىمسىز، ھۈنەرسىز كىشىنىڭ ھېچبىر كىشىگە پايدىسى تەگمەيدۇ. بىلىمسىز، ھۈنەرسىز كىشى قۇرۇق خالتىغا ئوخشايدۇ.

قەدىرلىك ئوقۇغۇچۇم، سىز شۇنى بىلىپ قېلىڭكى، ئادەم چىراي ـ تۇرقى، كىيىم ـ كېچەكى بىلەنلا ئادەم ھېسابلانمايدۇ. بەلكى بىلىمى، ئەخلاق ـ پەزىلىتى، ئەلگە قوشقان تۆھپىسى، دوستلۇقى بىلەن ئادەم ھېسابلىنىدۇ. كىيىم ـ كېچىكىڭىز كاتتا بولۇپ، قورسىقىڭىزدا بىلىم بولمىسا سىز ھەيكەلدىن پەرقلەنمەيسىز. تارىخ ۋە كەچمىشلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھەرقانداق شان ـ شەرەپ ۋە ئابرۇي ئىلىم ئارقىلىق كەلگەن شان ـ شەرەپ، ئابرۇيدىن ئۈستۈن بولۇپ باقمىدى. ئىلىم ئۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنگەن ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا گۇۋاھ بولالايدۇ.

قەدىرلىك ئوقۇغۇچۇم. سىزمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسىز، باشقىلار دىلىنى بىلىم، ھۈنەر ـ سەنئەت بىلەن بېزەپ، ئەل ئىچىدە ئىززەت تېپىۋاتىدۇ. بىلىمدىن بايلىق يارىتىپ ئىگىلىك تىكلەۋاتىدۇ. ياشاش يولىنى تېپىۋاتىدۇ. بۇنداق پۇرسەت سىزگىمۇ بار. سىزمۇ ئىلىم ئىگىلىسىڭىز قانات ياساپ ئۇچالايسىز. بىلىمدىن بايلىق يارىتىپ ئىگىلىك تىكلىيەلەيسىز، بىلىمسىز، ھۈرۈنلارغا ئەمدى كۈن يوق!...

# نورۇز كۈيى

بۈگۈن نورۇز!

بۈگۈن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى نورۇز بايرىمى.

بۈگۈن دېھقانلار كالېندارى بويىچە يېڭى بىر يىلنىڭ باشلانغان كۈنى. نورۇز بايرىمى — يېڭى بىر يىلنى كۈتۈۋېلىش بايرىمىدۇر. مانا مۇشۇ كۈندە تەپەككۇر تۇلپارىغا مىنگەن شائىرلار ئىلھام پەرىسىنىڭ ۋىسال جامىدىن مەي ئوتلاپ، ئوتلۇق مىسرالارنى توزۇشۇپ مۇشائىرە قىلىشىدۇ. مانا مۇشۇ كۈندە ناغرا - سۇناي، راۋاب - دۇتارلار چېلىنىپ، ناخشىلار ئېيتىلىپ، ئۇسسۇللار ئوينىلىپ شادلىق ناۋاسى ئەرشنى تىترىتىدۇ. باتۇر چەۋەندازلارنىڭ ئۇچقۇر ئارغىماقلارغا مىنىپ، كەڭ دالىدا ئوغلاق تارتىشى، چېلىش مەيدانلىرىدىكى پالۋانلارنىڭ بەل تۇتۇشۇشلىرى، رەقىبىنى دەس كۆتۈرۈپ يەرگە باسقىنىدا ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئېيتقان بارىكاللا ساداسى زېمىننى ئويغىتىدۇ. مانا مۇشۇ كۈندە ئۆي - ئۆيلەردە، كوچا - رەستىلەردە نەزمە - مەشرەپ قىزىيدۇ. قوي - كالىلار سويۇلۇپ باراۋەت باشلىنىدۇ. مەن سىزنى مېھمانغا چاقىرىمەن. سىز مېنى مېھمانغا چاقىرىسىز. بىز بىر - بىرىمىزگە قۇتلۇق تىلەيمىز. توققۇز خىل دانلىق زىرائەتتە ئېتىلگەن نورۇز ئېشىغا ئېغىز تەگكۈزگىنىمىزدە تەنلىرىمىز يايراپ كېتىدۇ!...

بۈگۈن ئەنە شۇنداق قۇتلۇق كۈن!

نورۇز كەلدى، باھار كەلدى. زېمىن شىرىن ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى، يەرلەر كۆكەردى، ئورمانلار باھار سالقىنىدا تەۋرىدى. قۇشلار ئاجايىپ يېقىملىق كۈي - ناۋاسىنى باشلىدى...

نورۇز كەلدى، باھار كەلدى. ئېتىزلاردا ناخشا ساداسى، قىز - يىگىتلەرنىڭ بەخت ساماسى باشلاندى. خەلق خۇش، ئاسمانلاردا گۆش، كاتلاردا ئاشلىق، دىللاردا تۈگمەس شادلىق! ئەنە، يىراقتىن

يېقىملىق بىر ناخشا ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

كەلدى نورۇز، كۆلدى غۇنچە كۆڭۈل يايرىدى،

گۈل ئىشقىدا خەندان ئۇرۇپ بۇلبۇل سايرىدى...

نورۇز كەلدى. ئەمگەك سىگنالى چېلىندى. ئوت يۈرەك ئوغۇل - قىزلار، ئىش - ئەمگەكتە پىشقان چاللار ئېتىزغا قاراپ يول ئالدى. كۆك ئاسمان، كۆك دالا، كۆك ئېقىن، كۆك جىرالار ئۇلارنى ئويغاتتى. يېشىللىق سىيماسى، يېشىللىق تىنىقى، يېشىللىق جىلۋىسى، يېشىللىق مېھرى ئۇلارنى مەپتۇن قىلدى. قاراڭ، ئەنە ئۇلار رەت - رەت كۆچەتلەرنى تىكمەكتە. ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئالەمچە تۇيغۇ، تىنىقلىرىدا قۇياش تەپتى، ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە زېمىن تىترىشى، ئۇلارنىڭ تومۇرلىرىدا دەريا شاۋقۇنى، جەڭ ئاتلىرىنىڭ كىشنىشى...

بۈگۈن نورۇز، باھار قۇياشى ئىللىق نۇرىنى چېچىپ، ئانا تۇپراقنى يۇمشاتقان كۈن. يېڭى چېچەكنىڭ خۇش ھىدى شامالنى مەست قىلغان كۈن. يېڭى بىخلارنىڭ تاشلار ئارىسىدىن باش كۆتۈرگەن چېھرىدە يېڭى ئاپتاپ، كۆزلىرىدە يېڭى ئەقىل، يېڭى نۇر، ۋۇجۇدىدا يېڭى سېزىم، يېڭى كۈچ پەيدا بولغان كۈن...

بۈگۈن نورۇز. بۈگۈن پۈتۈن مەۋجۇدات باھارغا مەدھىيە ئوقۇيدىغان كۈن. نورۇز شۇنداق تۆرەلگەن. ئۇنىڭ سۈرىتى باھار، ھۆسنى باھار چېچەكلىرىدىن رەڭ ئالغان. نورۇز شادلىقى بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت - سەنئەت خەزىنىسىدىكى چاقناپ تۇرغان بىباھا گۆھەر — مۇقامنى تەۋەللۇت قىلغان.

نورۇز — قۇياشتىن تېمىپ، ئانا تۇپراققا، خەلق قەلبىگە سىڭگەن...

قۇياش بار باھار بار. باھار بار يېشىللىق بار، ھاياتلىق بار نورۇز بار. نورۇز بار تەنتەنە، خۇشاللىق، بىرلىك، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، غەلىبە - نۇسرەت بار...

بۈگۈن نورۇز، دىللاردا ھۇزۇر! كېلىڭ دوستلار، بۈگۈنكى بۇ بەخت - ئامەتتىن، غەلىبە - نۇسرەتتىن ئويناپلى ئۇسسۇل!...

策　　划：伊布拉音·色满
组　　稿：阿布来提·居马吐谱热克
责任编辑：吐尔孙买买提·哈斯莫夫
努尔比亚·司马义
特约编辑：木合塔尔·吐尔地
责任校对：呼里西旦·阿不力孜
封面设计：吾布里卡斯木·艾买提
制　　版：买合巴·阿扎提

**老师，请您救我**（维吾尔语）

吾布力阿西木·卡斯木　著

新疆人民总社
新疆科学技术出版社出版发行
（乌鲁木齐市延安路255号　邮编：830049）
新疆新华书店经销　新疆力诺商务印务有限责任公司印刷
880mm×1230mm　32开本　4.625印张
2013年3月第1版　2013年3月第1次印刷

ISBN978－7－5466－1179－2　定价：15.00元（民文）

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئوبۇلقاسىم ئەمەت



# مۇئەللىم، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ

ISBN 978-7-5466-1179-2

9 787546 611792 >

定价:15.00 元